

رىشات نۇرى گۈنتېكىن (تۈركىيە)

# يېچىنىش

مىللەتلەر نەشرىياتى



责任编辑：阿合买提江

DIANNAOZHIZUO : HUOFENGHUANG

封面设计：刘 家 峰

ISBN 7-105-04711-9

9 787105 047116 >

ISBN 7-105-04711-9/I·1059

民文（维193）　定价：8.80 元

# ئېچىنىش

(رومان)



**图书在版编目（CIP）数据**

懊悔/（土）棍铁金著；土尔逊娜依译 .—北京：民族出版社，2001.8

ISBN 7-105-04711-9

Ⅰ.懊… Ⅱ.①棍… ②土… Ⅲ.长篇小说—土耳其—现代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I374.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 078393 号

**责任编辑**：阿合买提江
**责任校对**：胡达拜地
**出版发行**：民族出版社　　电话：010—64290862
**社　　址**：北京市和平里北街 14 号　邮政编码：100013
**网　　址**：Http：//www.e56.com.cn
**印　　刷**：迪鑫印刷厂
**经　　销**：各地新华书店
**版　　次**：2002 年 1 月第 1 版　2002 年 1 月北京第 1 次印刷
**开　　本**：850×1168 毫米　1/32
**印　　张**：5.75
**印　　数**：0001—4000 册
**定　　价**：8.80 元

本书根据土耳其伊斯坦布尔《革命》出版社1990年第20次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاب تۈركىيە ئىستانبۇل «ئىنقىلاب» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990-يىل نەشر قىلىنغان 20-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

# ئېچىنىش

(رومان)

رىشات نۇرى گۈنتېكىن (تۈركىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنئاي ساقىم


نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862
نەشرىياتنىڭ ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
تور ئادرېسى: http://www.e56.com.cn
باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى: 2002-يىل 1-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2002-يىل 1-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى.
ئۆلچىمى: 850×1168مم 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 5.75
سانى: 0001—4000
باھاسى: 8.80 يۈەن

# ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

تۈركىيە يازغۇچىسى رىشات نۇرى گۈنتېكىن ئۆزىنىڭ «چالىقۇشى»، «تامغا»، «لەۋدىن قەلبكە» قاتارلىق رومانلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلارغا خېلىدىن بېرى تونۇشلۇق. ئەمدى كىتابخانلارغا ئۇنىڭ يەنە بىر مەشھۇر رومانى «ئېچىنىش»نى سۇنماقچىمىز.

مەزكۇر روماندا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: مەركەزدىكى مەلۇم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلەيدىغان زەھرا ئىسىملىك ياش مۇئەللىم بالىلارنى ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش مېتودىدىكى ئۇستىلىقى بىلەن ياش تۇرۇپلا مەكتەپ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ، نامى مائارىپ مىنىستىرلىكىگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ ئىقتىساد قىلغان پۇللىرى بىلەن بالىلارغا ماتېرىيال ئېلىپ بېرىدۇ، بايلارنىڭ قىلغان ياردەملىرى بىلەن مەكتەپ بىناسىنى كېڭەيتىپ، مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. خىزمەت بولامدۇ، مىجەز-خۇلق بولامدۇ ئىشقىلىپ ئۇنىڭدىن كەمچىلىك تاپقىلى بولمايدۇ. بىراق، قىز دادىسىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، دادىسىنىڭ بارلىقىنى كىشىلەر ئالدىدا ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ هاراقكەش دادا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى نابۇت قىلغان، ئاپىسىنىڭ، ئاچىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان. شۇڭا قىز دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان بەش يىللىق هاياتىدا دادى-

سىدىن خەۋەرسىز ئۆتىدۇ، پەقەتلا دادىسىنىڭ تۇرمىدىن چىقىپ ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە تەلۋىلەرچە سەرسان بولۇپ مەست يۈرىدىغان-لىقىنى ئاڭلايدۇ. بىر-ئىككى قېتىم ئۇنى يوللاردا ئۇچرىتىپ قېلىپمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ.

بىر كۈنى قىزغا دادىسىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقى، ئۇنى ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ بىر كۆرۈۋېلىشى لازىملىقى توغ-رىسىدا خەت كېلىدۇ. لېكىن قىز يېتىپ بارغاندا دادىسى ئۈچ-تۆت سائەت بۇرۇن كۆز يۇمغان. دادا جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ قىزىنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. قىز دادىسىنىڭ قال-دۇرۇپ كەتكەن كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئوقۇش ئارقىلىق، دادى-سىنىڭ قانداق ئېسىل، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشى-نىدۇ، بىچارە دادىسىنىڭ قانچىلىك ئوڭۇشسىزلىق ۋە جاپالارنى تارتقانلىقىنى بىلىپ كۆزلىرىدىن سەلدەك ياش ئېقىتىپ، دادى-سىنىڭ يۈزىگە يۈزلىرىنى ياقىدۇ، پۇتلىرىغا سۆيىدۇ، قاتتىق ئېچىنىش ئىلكىدە يىغلاپ قالىدۇ...

# بىرىنچى قىسىم

## مۇقەددىمە

— مەركەزدە زەھرا ئىسىملىك بىر مۇدىر بار ئىكەن. . . ئۇنىڭ قايسى مەكتەپتە ئىكەنلىكىنى بىر يەرگە يېزىپ قويغان ئىدىم، بىراق ھازىر تاپالمايۋاتىمەن، — قۇرۇلتاي ۋەكىلى شەرىف خېلىل يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇۋاتاتتى.

— ئاۋارە بولماڭ ئەپەندىم، ھەممىمىزگە مەلۇم، زەھرا بۇ ۋىلايەتتىكى ئەڭ داڭلىق مۇئەللىمدۇر، — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— دوستلىرىمدىن بىرى بۇ خانىمغا بىرنەچچە كۈن رۇخسەت بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىپ كۆرۈشۈمنى تەلەپ قىلغان ئىدى. . . ئىستانبۇلدا قېرى ۋە كېسەلچان دادىسى بار ئىكەن، يېقىنقى كۈنلەردە قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ، ھاياتى ناھايىتى خەۋپلىك ئىكەن. بەلكى رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن ئاشۇرۇۋەتكەندۇ. بىراق، مۇمكىن بولسا. . .

— مۇمكىن، ئەلۋەتتە مۇمكىن. . . لېكىن مېنىڭ بىلىشىمچە زەھرا بىر يېتىم قىز، بەش يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ياخشى تونۇشىمەن. ماڭا دادىسى ۋە باشقا قېرىندا-

داشلىرى ھەققىدە زادىلا گەپ قىلمىغانىدى. مەيلى، ئۆزىدىن سوراپ كۆرەيلى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزىنى كۆرسىمىز، سەل تۇرۇپ سىزگە مەكتەپلەرنى كۆرسىتىمەن ئەمەسمۇ؟ زىيارەتنى زەھرانىڭ مەكتىپىدىن باشلايمىز. سايلام رايونلىرىڭىزدا كۆرۈشكە تېگىشلىك ئەڭ ياخشى ئورۇن بۇ مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر بۇ مەكتەپنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى، ھەممىسى ”زەھرا ئاچا مەكتىپى“ دەپ ئاتىشىدۇ. ھەتتا كاتىپلىرىمىزمۇ بەزىدە ئېنىق كېتىپ، رەسمىي ھۆججەتلەرگىمۇ ”زەھرا ئاچا مەكتىپى“ دەپ يېزىپ قويىشىدۇ. ئۆتكەن بىر كۈنى بۇلاق بېشىدا بىرنەچچەيلەننىڭ قىلىشقان گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، بىرسى: ”مەن بالامنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەكتەپلىرىگە بەرمەيمەن... زەھرا ئاچىنىڭ مەكتىپىگە بېرىمەن“ دېدى.

ۋەكىل كۈلۈشكە باشلىدى:

— ئاجايىپ ئىش... زەھرا ئاچا سىزگە قارشى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندەك تۇرىدۇ.

— بۇ سۆزنى دەل جايىدا ئىشلەتتىڭىز... زەھرا ئۆز ئىشلىرىدا ئاساسەن مۇستەقىل. بىزنىڭ بۇيرۇقلىرىمىزغا، قائىدىلىرىمىزگە ئانچە ئەمەل قىلىپ كەتمەيدۇ.

— بۇ مائارىپ مۇدىرى بولغان سىزنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىڭىزگە تەگمەمدۇ؟

مائارىپ مۇدىرى پەنجىرىدىن يىراقلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— كاشكى، بارلىق مەكتەپلىرىمىزنى زەھرادەك مۇئەللىم-

لەرگە تاپشۇرغان بولساق، ئۆزىمىزگە قىلغۇدەك ئىش قالمىغان بولاتتى. مۇستەقىللىق ئالامىتى دەپ، ئۇلارغا بىردىن دۇمباق ۋە بايراق ئەۋەتىپ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىشىكلىرىنى خاتىر-جەم تاقاپ قوياتتۇق. قۇرۇلتاي ۋەكىلى شەرىپ خېلىل بىلەن مائارىپ مۇدىرى تەۋفىق جەيرى كونا ساۋاقداشلاردىن ئىدى.
مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھەر ئىككىسى ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىن شەرىپ كەسىپنى ئۆزگەرتكەن، تەۋفىق بولسا مائارىپچى بولۇپ قالغانىدى. تۆت يىرىم يىلدىن بىرى x x دە مائارىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى، ئۇ بوشاڭ ۋە خىيالپەرەس ئادەم ئىدى. مىڭىسىدىكى ھەر خىل گۈزەل خىياللارنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پەقەتلا ئويلاش، ئوقۇش ۋە سۆزلەشنىڭ كۇپايە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ھەرىكەتچان ۋە تىرىشچان ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرنى ئەڭ جىمجىت يەر دەپ ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. بوش ۋاقىتلىرىنى شەھەر ئەتراپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ بويىدىكى سۆگەتلەر ئاستىدا كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. سايلام رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۇ-رۇشكە كەلگەن شەرىپ خېلىل ئىككى كۈندىن بىرى ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ تۇراتتى. گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن باراڭ-لىق باغچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كىرىدىغان كىچىك بىر ئۆيدە چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا زەھرا ھەققىدىكى بۇ گەپ دېيىلگەنىدى.
تەۋفىق سۆزلەشنى داۋام قىلىپ دېدى، —بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن كىچىككىنە بىر قىز دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ بۇ يەرگە كەلگەن. . . دەسلىپىدە ئىنتايىن قىينىلىپ ياشىغان بولسىمۇ قىلچە مەيۇسلەنمىگەن. كېيىنچە بۇ شەھەرنى، مەكتە-

پىمىزنى ئۆز ئائىلىسى قىلىۋالغان. ئۇ شۇنچە بېرىلىپ ئىشلە-
گەنكى، ئۇنىڭغا ھېچكىم، ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمىغان. ئۇ
تېخى 25 ياشقا توشماي تۇرۇپلا مەكتىپىگە مۇدىر بولۇپ تەيىن-
لەنگەن. ئۇنىڭ قولىغا يوغان بىر قىزلار مەكتىپى تاپشۇرۇل-
غان، ھازىر 29-30 ياشلاردا بولسا كېرەك. ئۇ شەھەرنىڭ
ھەممە ئادىمى ياخشى كۆرىدىغان، ھەممىسى ئىشىنىدىغان، ھەم-
مە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان بىر خانىمدۇر. ھازىر كۆپىنچىسى
چوپ-چوڭ ئائىلە ئاياللىرى بولۇپ كەتكەن كونا ئوقۇغۇچىلارنىڭ
نەزەرىدىمۇ بۇرۇنقىدەك ھۆرمەتكە سازاۋەر. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى
ئۆز ئاچا-سىڭىللىرىدەك ئاڭلايتتى. بارلىق قىيىنچىلىقلىرىنى
ئۇنىڭغا ئېيتىپ ھەل قىلدۇرۇشاتتى. مەكتەپكە كەلسەك. . .
سەل تۇرۇپ كۆرىسىز. . . بۇ نامرات، ۋەيرانە شەھەردە ئادەم
ئىشەنگۈسىز بىرخىل گۈزەللىك بار، پۇلسىز ھېچقانداق ئىش
قىلغىلى بولمايدۇ دەيسىز، بۇ ئاساسەن توغرا. لېكىن، تىرىش-
چان ۋە ئىرادىلىك بىر ئىنساننىڭ پۇلسىزمۇ نېمىلەرنى قىلالاي-
دىغانلىقىغا مىسال قىلىپ بۇ مەكتەپتىن ياخشى جاينى كۆرسەت-
كىلى بولماس. مەسىلەن: ئۆيلەرنى ئاقارتىش، تام-تورۇسلار-
نى، پەنجىرىلەرنى رېمونت قىلىش ۋە باشقىلار ئۇچۇن ئەلۋەتتە
پۇل خەجلەيمىز. ئەمما بۇ قىز ئېتەكلىرىنى بېلىگە تۇرۇپ بۇ
ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلىدۇ. قولىدىن كەلمەيدىغان
ئىش يوقتەكلا كۆرۈنىدۇ.

ئىقتىساد قىلغان پۇللىرىغا تاماقخانىلار ئۇچۇن داستىخان
ياكى سىنىپلار ئۇچۇن دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئالىدۇ. يەر-
لىك بايلارنىڭ قىلغان ياردەملىرى بىلەن مەكتەپ بىناسىنى

كېڭەيتتى، رېمونت قىلدۇردى، باغچىنى چوڭايتتى. بايلاردىن بىرى ئۆلگەن ئانىسى ئۈچۈن مۇنار شەكلىدە بىر ھەشەمەتلىك قەبرە ياساتماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان زەھرا ھەر كۈنى دېگۈدەك باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىر قەبرە قاتۇرۇش پىلانىنى مەكتەپ باغچىسىدا ياسىلىدىغان بىر نەرسىنىڭ پىلانىغا ئۆزگەرتتى. ئۇ نېمىلەرنى دەپ، نېمىلەرنى قىلىپ بەردى، بىلمەيمەن. لېكىن كۆڭلى ياخشى بۇ باي بىر كۈنى بۆلۈمگە كىردى ۋە شۇ سۆزلەرنى قىلدى: ”كۆپ ئويلاندىم، مەرھۇم ئانامنىڭ قەبرىسىگە ئىشلىتىدىغان پۇل بىلەن مەكتەپكە بىر قىزلار دەم ئېلىش زالى سالدۇرماقچىمەن. قەبرە تېشى پەقەت بەزى-بەزىدە نوكەشلىرىدىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن كېلىدىغان بىرنەچچە قۇشلارغىلا پايدا بېرەلەيدۇ. ئەمما بۇ دەم ئېلىش زالىدا قەھرىتان قىشتا يۈزلەرچە بالىلار دەم ئالىدۇ. بالىلارنىڭ بۇ يەردە ئىسسىق ۋە خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئويناشلىرى مەرھوم ئانامنى قەبرىسىدە خۇشال قىلىدۇ. دەم ئېلىش زالىنىڭ ئىچىگە مەرھۇمغا ئائىت يەنە بىر كىتابخانا قۇرۇلسا، تېخىمۇ رازى بولۇپ كېتىدۇ. . .“ بۇ سۆزلەر ئەلۋەتتە زەھرانىڭ سۆزلىرى. بۇ سۆزلەرنى ئۇ بۇ ساددا ئادەمنىڭ مېڭىسىگە مىختەك قېقىۋەتكەن گەپ. ئەمدىغۇ دېگەنلىرىمىزگە ئىشەنگەنسەن، مۇشۇنداق مۇئەللىملەردىن بىرنەچچىسى چىقىپ ئىشنى قولغا ئالسا، بىزنى بىكارچى قىلىۋەتكەن بولسىدى كاشكى. . .

تاماق يېيىلىپ بولدى. ۋەكىل تىزلىرىغا چىقىۋالغان بىر مۇشۈكنى سىلاپ تۇرۇپ، ئاشقان تاماقلار بىلەن ئۇنىڭغا زىياپەت بېرىۋاتاتتى.

— بۇلار مەكتەپنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان سىرتقى كۆرۈ-
نۈشلىرى. مەنىۋى جەھەتلىرى قانداقتۇ؟ ھايات مېنى سەل گۇ-
مانخور قىلىپ قويدى. ئىنتايىن تىرىشچان ۋە پائالىيەتچاندەك
كۆرۈنىدىغان ئادەملەردىن دائىم گۇمانلىنىپ قالىمەن. بەزىدە
كۆرۈنۈشى ۋە ھەشەمىتى ئالاھىدە ئورۇنلارغا ئىشەنچ قىلغىلى
بولمايدۇ.

— زەھرا ئۇچۇن سىزنى ئۇ جەھەتلەردىن خاتىرجەم قىلالاي-
مەن. بالىلىرىمىزغا بەرگەن تەربىيىسى ئوخشاشلا ساپ ۋە ياخ-
شى. ئۇ تولىمۇ ئىلغار پىكىرلىك بىر خانىم. . . خۇراپاتلىق ۋە
خام خىياللار بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلىرىغا
بىلىمنىڭ ئەڭ ئىلغار ھەقىقەتلىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇندىن باشقا
ئۇنىڭدا شۇنداق بىر خىل ئىچ-ئىچىدىن كۆيدۈرۈۋاتقان كېسەللىك
باركى، ئۇ بولىسمۇ، راستچىللىق، پىداكارلىق ۋە مەنىۋى
ساپلىق كېسىلىدۇر. بۇ قىز ھەققانىيەتسىزلىكنىڭ، يالغانچى-
لىقنىڭ، خۇشامەتچىلىكنىڭ، قىسقىسى بارلىق ئەخلاقسىزلىق-
لارنىڭ، زەئىپلىكلەرنىڭ دەھشەتلىك دۈشمىنى.

— ئۇنداق بولسا بۇ شەھەردە بۇ قىزنىڭ بىرمۇنچىلىغان
دۈشمەنلىرى بولسا كېرەك.

مائارىپ مۇدىرى كۈلۈپ كېتىپ شۇ جاۋابنى بەردى:

— ئىش سىز ئويلىغاندەك ئەمەس. . . ئەڭ يامان ئادەملەر-
دىمۇ ئاددىي بىرخىل ئادالەت چۈشەنچىسى بولىدۇ. بىراۋنىڭ
گۇناھىنى كۆرسەتسە ئەلۋەتتە خاپا بولىدۇ. بىراق ساپ ۋە سەمى-
مىي بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئۇنچىلىكمۇ ئۆچمەنلىك قىلىپ كەت-
مەيدۇ. زەھرانىڭ شەخسىي ھاياتىدا كىچىككىنە بىر داغ، ئەخلا-

قىدا ئەڭ ئاددىي كەمچىلىكنى تاپقىلى بولمايدۇ.
— مۇبالىغە قىلىۋەتتىڭىز!
— قەتئىي ئۇنداق ئەمەس، مەن ھەقىقەتنى سۆزلىدىم.
— سىز پەقەت رومانلاردىلا ئۇچرايدىغان ئاجايىپ بىر قەھ-رىمان ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندەك قىلىسىز. ئۇ بىر ئادەم بولسۇ-نۇ، كەمچىلىكى بولمىسۇن؟
مائارىپ مۇدىرى ساۋاقدىشىنىڭ چىرايىغا قاراپ كۈلۈمسى-رىدى:
— مەن ئۇنداقمۇ دېمىدىم.
— ئۇنىڭدا ئەڭ ئاددىي بىر كەمچىلىكنى تاپقىلى بولمايدۇ دېمىدىڭىزمۇ؟
— شۇنداق...
— ئۇنداق بولسا؟!...
تەۋفىق خەيرى كۈلۈپ كېتىپ:
— بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا كەمچىلىكتىن خالىي بولۇشى-نىڭ ئۆزى چوڭ بىر كەمچىلىك ھېسابلانامدۇ؟ — دېدى.
— يېڭى بىر چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىسىز تەۋفىق.
— ياق، ئەكسىچە، ئاللانىڭ ئەڭ ئاددىي بىر ھەقىقىتىنى دېگەنلىكىمگە ئىشەنچىم كامىل. زەھرانى سىزگە بىر ئىلاھ ھەيكىلى، مۇكەممەل بىر رومان قەھرىمانى قىلىپ تەسۋىرلەپ بەردىم. بىراق دىققەت قىلدىڭىزمىكىن، ”مۇكەممەل بىر ئىن-سان“ دېگەن سۆزنى ئىشلەتمىدىم. مانا ئەمدى سىزگە بۇ گۈزەل مېدالىيونىڭ ئارقا تەرىپىنى ئۆزۈمنىڭ كۆزقارىشىم ۋە چۈشەن-چەم بويىچە تەسۋىرلەپ بېرەي: راستچىللىق، ساپلىق، پىداكار-

لىق كىسەللىكى ئۇنىڭدىكى ئىنسانلىقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر قابىلىيىتىنى يوقىتىۋەتكەن، يەنى ئىچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش قابىلىيىتىنى. زەھرانى ھېس-تۇيغۇسىز بىر خانىم دېگىلى بولمايدۇ. . . ئەكسىچە ئاجايىپ ھېسسىياتلىق، ئۇ گۈزەل ۋە پاكىز نەرسىلەرنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ھەممىنى پىدا قىلىدۇ. لېكىن كەمچىلىك، چۈشكۈنلۈك، پاسكىنىلىقلارغا قىلچە ئېچىنمايدۇ. قاتتىق خاپا بولىدۇ، غەزەپ-نەپرەتكە كېلىدۇ. گۇناھ قىلغان، چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ئادەم ئۇنىڭ نەزەرىدە ئېكىنزارلىقلاردا ئۆسكەن ياۋا ئوتلارغا ئوخشايدۇ. ئۇنى ئېچىنماستىن يۇلۇپ تاشلايدۇ. قىلىنغان بىر يامانلىقنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدۇ. ھەق يولىدا، ھەقىقەت يولىدا ئىنساپسىزلارچە زەربە بېرىشنى بىر سوتچىدىنلا كۈتكىلى بولىدۇ. ھەتتا ئۇلارمۇ بەزى ئىنزاھاتلار بىلەن. . . شۇنداق ئەمەسمۇ؟ گۇناھلارنىڭ ھەقىقىي سىرى ھەر دائىم بىز بىلگەندەك، بىز چۈشەنگەندەك بولامدۇ؟ قەتئىي ھۆكۈم چىقىرىشلارنىڭ سوتچىنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى ئازراق بولسىمۇ بىلىمەن. بىراق، بىر مەكتەپ مۇئەللىمى ئۈچۈن ئېيتقاندا. . .

تەۋفىق خەيرىنىڭ دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان چىرايى ئاجايىپ بىرخىل ھاياجان بىلەن ئۆزگىرەيتتى.

— ئېچىنىش. . . مەن ئىنسانلارنىڭ روھىدىكى چوڭقۇرلۇقنىڭ پەقەتلا ئېچىنىش بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇنداق، تېگى كۆرۈنمەيدىغان قۇدۇقلارغا تاشلانغان تاشلار چىقارغان ئاۋاز ئارقىلىق، قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولغاندەك، باشقىلارنىڭ قىلغان ئىلمىلىرىمۇ يۈرەكلىرىمىزگە

چۈشكەن چاغدا چىقارغان ئاۋازى ئارقىلىق بىزگە ئۆزىمىزنى، ئىنسانلىقىمىزنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. . . مېنىڭچە يالغۇز راستچىللىق كېسەللىكى، بىر ھەق ۋە ھەقىقەت مەسىلىسى ئەتراپىدا توپلىنىش قابىلىيىتى بىر جەمئىيەتنى بەختلىك قىلىشتا كۇپايە قىلمايدۇ. . . بۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشىمىز، بىر-بىرىمىزنىڭ پەريادلىرىنى، ئىڭراشلىرىنى تۇيالايدىغان بولۇشىمىز لازىم. . . يەندىلا زەھىراغا كېلەي. . . ئۇ شۇبھىسىز مۇكەممەل بىر مەخلۇق. بەكمۇ ياخشى بىر مۇئەللىم. . . لېكىن، مەن دېگەن بۇ كەمچىلىكنى تۈزەتمىگۇچە ھېچبىر زامان بىز خالىغان مۇئەللىم بولالمايدۇ. . . سىز بىلەمسىز، مەن بۇ پىكرىمنى ئۆزىگىمۇ سۆزلەپلا تۇردۇم، بەزىدە تالاش-تارتىش قىلىپمۇ كېتىمىز، ھەتتا مۇشۇ سەۋەبتىن ئارىمىزدا ئىختىلاپلارمۇ كېلىپ چىقىدۇ.

بىر كۈنى ئىدارىغا كېلىۋاتاتتىم، بىر باغچىنىڭ يېنىدا ئۈچ قىز تۇراتتى. ئۇلار بوخچىلىرىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، مۇڭدىشىۋاتاتتى. مۇشۇ سائەتتە كوچىدا تۇرۇشلىرىغا ھەيران قالدىم. دەسلەپتە ئۇلارنى مەكتەپ قاچقۇنلىرى دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇلار ئەگەر مەكتەپتىن قېچىپ چىققانلار بولسا مېنى كۆرۈپ قېچىپ كېتىشكەن بولاتتى، بىراق ئۇلار يىراقتىن ماڭا قارىشىپ تۇراتتى. ھەتتا مېنىڭ ئەتراپىمغا يېقىنلىشىپ، بىرنەرسىلەرنى سورىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. . . ئۇلارنى چاقىردىم. نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە بارمىغانلىقىنى سورىدىم. . . ئۇلارنىڭ بىرسى: ”بىز مەكتەپكە بارغان. بىراق، مۇئەللىم بىزنى مەكتەپكە كىرگۈزمىدى. . . ئۆيىمىزگە قايتۇرد-

ۋەتتى“ دېدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇلارنىڭ ئىككىسى
دائىم مەكتەپكە كېچىكىپ قالىدىكەن. زەھرا ئەتىگەن كېلىشلى-
رىنى، دەرس باشلىنىپ بولغاندىن كېيىن كېلىشسە مەكتەپكە
كىرگۈمەيدىغانلىقىنى دېگەن ئىكەن. ئۇلار يەنە كېچىكىشنى
داۋام قىلىۋېرىپتۇ. . . زەھرا دېگەن سۆزىنى ئىجرا قىلىپ-
تۇ. . . ئۇ قىزلاردىن نېمە ئۈچۈن مۇئەللىمنىڭ دېگەن سۆزلى-
رىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇلاردىن بىرسى: ”ئاپام ئاغ-
رىق. . . مەن ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىمەن. . . كىچىك ئۇكام-
نىڭ تاماقلىرىنى يېگۈزۈپ قويىمەن. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بول-
غىچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ“ دېدى. ئىككىنچىسى تېتىك بىر
قىز ئىدى، ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئۆزىنى ئاقلايتتى: ”قانداق قىلاي
ئەپەندىم. . . ھەر كۈنلا كېچىكىپ قالمايمەن، بەزى كۈنلىرى
ئەتىگەنلا كېلىمەن، بەزى كۈنلىرى ھاۋا تۇتۇق بولىدۇ، ئۇ
چاغلاردا ۋاقىتنى بىلمەيمەن. . .“ بۇ مەنتىقىگە ھەيران قالدىم.
”ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى كېچىكىپ قېلىش كېرەكمۇ قىزىم؟“
دېدىم. بۇ قىز كۈتمىگەن بىر جاۋاب بىلەن مېنى توختىتىپ
قويدى: ”ھاۋا تۇتۇق تۇرسا، سائەتنىڭ نەچچە بولغىنىنى نەدىن
بىلىمەن؟“ دېمەك، ئۇنىڭ ئۆيىدە سائەت يوقكەن. ئۈچىنچىسى
ئىنتايىن كەمبەغەل، گەۋدىلىك بىر قىز ئىدى، سوئالىمغا خې-
لىدىن كېيىن جاۋاب بەردى: ”ئەپەندىم، مۇئەللىم ياغاچ كەش
(ساپما كەش) بىلەن مەكتەپكە كەلمە، دەيدۇ. مېنىڭ يېڭى
بەتىنكەم بار، بىراق، پۇتۇمنى قىستايدۇ.“ دېمەك بۇنىڭمۇ بىر
دەردى بار ئىكەن. بىچارىنىڭ كىيىدىغان ئايىغى يوقكەن، ئاپى-
سى بولسىمۇ مىڭ تەسلىكتە ئالغان بەتىنكىسىنى مەكتەپتە كې-

بىشكە رازى بولمىغان. بۇ مەسىلە ئۈستىدە زەھرا بىلەن خېلى
ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. بىراق زادىلا بىر پىكىرگە كېلەلمىدۇق.
يەنە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي: بىر كۈنى مەكتەپ مۇدىرى
فەرھۇندە ئىسىملىك بىر قىزنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىش قارارى-
نى ئىدارىغا مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان
گۇناھى بار ئىكەن. ساۋاقداشلىرىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى پۇل
ئېلىپ قىلىپ بېرىدىكەن. بەزى كۆڭلى يۇمشاق ئادەملەر فەر-
ھۇندەگە: ”بۇ ئىشنى مائارىپ مۇدىرىگە دېگىن. . . ئۇنىڭدىن
گۇناھىڭنى تىلە“ دەپتۇ، بۇ قىز يىغلاپ ئالدىمغا كەلدى، گۇنا-
ھىنى بوينىغا ئالدى. . . ئائىلىسى بەك كەمبەغەل ئىكەن، شۇڭ-
لاشقا دەپتەر-قەلەم ۋە كىتاب ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلغانىد-
كەن. . . بۇ قىزنىڭ ئەھۋالى ماڭا تەسىر قىلدى. كەچۈرۈم
قىلىشنى زەھرادىن ئۆتۈندۈم. زەھرا سۆزلىرىمنى ھەيرانلىق
بىلەن ئاڭلىدى: ”بالىلىرىمىزغا ساختىپەزلىكنى ئۆگەتكەن بىر
ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتە قېلىشىنى خالىشىڭىز مېنى ھەيران
قالدۇردى“ دېدى. قىيىنچىلىقلىرىنى دېدىم. پىكرىمدە قاتتىق
تۇردۇم. ئۇ ئاخىرى شۇنداق دېدى: ”ماقۇل، بىراق، مەن
قولۇمغا تاپشۇرۇلغان 300 بالىنىڭ ئەخلاقىغا مەسئۇلمەن. . .
ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز مەن ئاددىي بىر مۇئەللىم سۈپىتىدە
ئىشلەي. . . كەسىپداشلىرىمدىن بىرسىنى مۇدىر قىلىپ بەلگى-
لەڭ، ئاندىن كېيىن ئۇ قىز مەكتەپكە قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ.
. . “ قىسقىسى زەھرانى ئۆز پىكرىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قىل-
غان ئەمگىكىم بىكارغا كەتتى. قىزلاردىن بەزىلىرى ئائىلە تەر-
بىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى شاللاقلىقلارنى قىلىپ قويۇش-

قان. زەھرا ئۇلارنى ۋابا كېسەللىرىدەك دەرھال باشقا باللاردىن ئايرىپ تاشلىغان ۋە ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇ: "كېزىك، ياۋا چېچەك، تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى ئومۇمنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ساۋاقداشلىرىدىن قانداق ئايرىۋەتكەن بولساق، بۇلارنىمۇ يەنىلا ئومۇمنىڭ مەنىۋى سالامەتلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئايرىۋېتىشكە مەجبۇرمىز" دەيتتى. ئەمدى ناھىيەنى زىيارەت قىلىش ۋاقتى كەلگەندى. مائارىپ مۇدىرى كۆنلۈكىنى، قۇرۇلتاي ۋەكىلى ھاسىسىنى ئېلىپ، كوچىغا چىقىشتى.

*　　　*　　　*

ئۇلار يولدا سەل كېچىكتى. مەكتەپكە كەلگەندە دەرسلەر تۈگىگەندى، ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتىشىۋاتاتتى. ئۇلار زەھرا بىلەن باغچىنىڭ ئالدىدا ئۇچراشتى. ئۇ، ئەتىگەندىكىدەكلا باللارنى قويۇپ بەرگەن چاغدىمۇ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى، باللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى تەكشۈرەتتى، بەزىلەرنىڭ چاچلىرىنى تۈزەپ قوياتتى، بەزىلەرنىڭ ئىشتانباغلىرىنى چىگىتىپ قوياتتى، بەزىلەرنى پاسكىنىلىشىپ كەتكەن يۈزلىرىنى، سىياھ يۇقۇپ قالغان بارماقلىنى يۇيۇشقا ئەۋەتەتتى. ھەتتا ئۆرە تۇرۇپلا باللىرىنىڭ يىرتىق كىيىملىرىنى يامىغان، ئۈزۈلگەن تۈگمىلىرىنى قادىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. مائارىپ مۇدىرى بىلەن قۇرۇلتاي ۋەكىلى ئىشىكتىن كىرگەن چاغدا ئۇ خۇددى بىر بالا باققۇچى قىزدەك زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، كىچىك بىر قىزنىڭ ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى باغلاۋاتاتتى. ئۇ مائارىپ مۇدىرى بىلەن قۇرۇلتاي ۋەكىلىگە بېشىنى سەل ئېگىپ تۇرۇپ سالام قىلدى:

— ئىچكىرىگە كىرىڭلار، ئىشىمنى تۈگىتىپلا كىرىمەن، — ئۇ ئايغىنىنىڭ بوغقۇچىنى باغلاۋاتقان كىچىك قىز بىلەن خۇددى دوستلاردەك سۆزلىشەتتى ۋە كۈلۈشەتتى.

قۇرۇلتاي ۋەكىلى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— زەھرا دېگىنىڭىز ۋىجىك، قاراقۇمچاق قىزمۇ؟ سىز ئۇنى ھەيكەلدەك ھەيۋەتلىك، دەھشەتلىك بىر ئىنساندەك تەسۋىرلەپ بەرگەنتىڭىز. . . ، — دېدى.

— قاتتىق قول، ھەممە نەرسىگە ھاكىم بىر ئادەم بولۇش ئۈچۈن چوقۇم يوغان-يولپا بولۇش كېرەكمۇ؟

— قارىمامسىز، بۇ قاقاقلاپ كۈلۈشلەرگە. . . ئۆزىنى كۆرمىگەن بىر ئادەم ئۇنى ئەلۋەتتە 15 ياشلىق قىزلاردىن بىرى كۈلۈۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. . . نېمىدېگەن جاراڭلىق ئاۋاز.

— ئۇنىڭ جىددىي بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقاندا ۋە بىرسىگە بۇيرۇق بېرىۋاتقاندا چىققان توم ئاۋازىنى ئاڭلىشىڭىزنى خالايتتىم. . . ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز، باللارنى قانچىلىك دىققەت بىلەن تەكشۈرىدۇ. . . ئەتىگەنلىرى كىيىملىرىنى رەتسىز كىيىپ كەلگەن باللارنىڭ ئاپىلىرىغا خاپا بولىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئۇلارنى مەكتەپكە چاقىرتىپ قاتتىق-قاتتىق تەگكەن چاغلىرىمۇ بولغان. . . بۇنىڭ ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارنى قويۇپ بېرىدىغان چاغدا باللارنىڭ ئۈستى-بېشىغا قاراپ تەكشۈرۈپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلىدۇ. . . كەچقۇرۇنلىرى كوچىلاردا پاسكىنا، رەتسىز، قىلىقسىز يۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆرۈپ قالسا ئىچ-ئىچىدىن رەنجىپ كېتىدۇ: ”ۋەزىپەمنى ئادا قىلالمىدىم، رەسۋا بولدۇم“ دەپ ئەسەبىيلىشىدۇ.

ئۇلار ئىككى تەرىپى دەرەخلىك يولدىن كېتىۋاتاتتى. مائا-رىپ مۇدىرى سەپدىشىغا دەرەخلەرنى كۆرسىتىپ، يوشۇرۇن بىرخىل چاقچاق بىلەن شۇنداق دېدى:

—شۇ دەرەخلەرگە قاراڭ، زەھرانىڭ روھىنى ۋە بالىلارغا بەرگەن تەربىيەنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىش ئۇچۇن بۇلاردىن ياخشى مىسال تېپىلمايدۇ. . . باغدا قانچىلىك ئاجىز، قىڭغىر دەرەخ بولسا ھەممىسىنى يۇلۇپ تاشلىغان. بارلىق كۇچىنى كۆچەتنىڭ تۇز، چىرايلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سەرپ قىلغان. دەرەخلەرنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىدەك رەت-رەت تىزىلىپ ئۆسۈشلى-رىگە دىققەت قىلاتتى. ئۇچلىرىدىن كەستۇرەتتى، ئارتۇق شاخ-لىرىنى پۇتايتتى، قىسقىسى، ھەممە دەرەخلەرنى بىر-بىرىگە ئوخشاش قىلدۇراتتى. بىرىنىڭ باشقا بىرىدىن ئېگىزرەك ياكى باشقىچە بولۇپ قېلىشىغا قەتئىي يول قويمايتتى. ئادەم شۇ باغچىدىكى نەرسىلەرنى خۇددى بىر زاۋۇتتىن چىققاندەك ھېس قىلىدۇ. . .

—سىز تازىمۇ زالىم بىر ئادەم بولۇپ قاپسىز، —دەپ كو-لۇمسىرىدى ۋەكىل ئەپەندى.

—مەن مۇئەللىم، لېكىن تەربىيەنى باشقىچە چۇشىنىمەن، —دېدى تەۋفىق ئەپەندى ۋە گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى.

بىر ئازدىن كېيىن زەھرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ، مېھمانلارنىڭ قېشىغا كەلدى. بىنانىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يوغان كاشتان دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئامۇت شەكلىدە بىر كۆل ياساتقان. ئەتراپىنى گۇل تەشتەكلەر بىلەن بېزىگەنىدى. زەھرا مائارىپ مۇدىرى ۋە ئۇنىڭ ساۋاقدىشىغا بىر ئىستاكاندىن قەھۋە كەلتۇر-

دى. زەھرا 30 ياشلاردا ئىدى، جۇغى كىچىك بولسىمۇ ئىرادىلىك، ئەتراپىدىكىلەرگە مۇلايىم مۇئامىلىدە بولۇش بىلەن تەڭ بۇيرۇق قىلىشنى بىلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇنى بەكمۇ چىرايلىق دېگىلى بولمايتتى. چىرايى قارا قۇمچاق، بۇرنى يوغانراق كەلگەن، مەڭىز سۆڭەكلىرى سەل چىقىپ قالغان، ئېگىكى ئۇچلۇق بولۇپ، چىشلىرى ئاپئاق ۋە ساغلام ئىدى. ئەمما ئىككى چىشى ئاغزىنى يۇمغاندا ئۈستۈنكى كالپۇكىنى سەل كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. كەڭ پېشانىسىنىڭ ئاستىدىكى ئىنچىكە، سەل چاتما قاشلىرى ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىقاتتى. ئۇ سۆزلىگەندە بۇ قاشلىرى ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى. قايغۇ ۋە خاپىلىقلىرىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ چىرايىدىكى مەنىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. ئۇ ۋەكىل ئەپەندىگە توختىماستىن مائارىپ ھەققىدە، مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە سۆزلەيتتى. بولۇپمۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان باللار ئۈستىدە سۆز بولغاندا كىچىككىنە قارا كۆزلىرى ئويناپ، چىرايى شۇ زامان گۈزەللىشىپ كېتەتتى. ئاخىرى گەپنىڭ تۈگۈنىگە كېلىشتى. شەرىف خېلىل يەنە رۇخسەت ئېلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. زەھرانى بىردىنلا قورقۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن:

— ئىستانبۇلدىكى بىر دوستۇم سىز بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى. بەلكىم دادىڭىزنى تونۇسا كېرەك، — دېدى.

زەھرا "دادا" دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئۆزگەردى، قاشلىرىنى تۈردى، چىرايى جىددىي تۈسكە كىردى:

— خاتالاشقان بولسا كېرەك... مېنىڭ دادام يوق،

ئەپەندىم. . .

— بۇ قانداق گەپ؟

— بەلكىم باشقا بىر زەھرادۇر. . .

مائارىپ مۇدىرى سۆزگە ئارىلاشتى:

— بۇ يەردە باشقا زەھرا يوققۇ. . .

ۋەكىل ئەپەندى سۆزىنى تاماملىدى:

— ھەتتا مەكتەپنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بەرگەنىدى. بايا بۇ ئەپەندى بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا ئېسىمگە كەلمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. . .

— ئەپەندىم، سىزگە دادامنىڭ يوقلۇقىنى دېگەنىدىم. . .

زەھرا ئەسەبىيلەشتى، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، چىرايىنى تۇرۇپ، يەرگە قارىۋالدى. مائارىپ مۇدىرى بىلەن ۋەكىل بىر-بىرىگە قارىشىپ قېلىشتى.

تەۋفىق خەيرى:

— مەنمۇ بۇ ئىشتا بىر چۈشەنمەسلىكنىڭ بارلىقىنى ئەپەندى-گە دېگەنىدىم. تۆت يىلدىن بېرى زەھرا خانىم بىلەن ئاتا-بالى-دەك ياشاۋاتىمىز. . . دادىسى بولغان بولسىدى، بىلگەن بولات-تىم. . .، دېدى.

— چوقۇم شۇنداق بولاتتى ئەپەندىم. . .

شەرىف خېلىل يەنە شۇنداق دېدى:

— شۇنداق بولۇشى ھەم مۇمكىن، بۇ زەھرا خانىمنىڭ سىز بولۇپ چىققىنىغا ئىنتايىن خۇشالمەن. . . چۈنكى، كۆپ ئەپ-سۇس، ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلمىگەن ئىدىم ئەپەندىم. . . ئۇ زەھرا خانىمنىڭ دادىسى ئاغرىقمىش. . . مۇتلەق قىزىنى بىر

كۆرۈشنى خالايدىكەن. . . شۇڭلاشقىمۇ ئىستانبۇلغا بىرقانچە كۈنلۈك بولسىمۇ كېلىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىپ بېرىشىمنى مەندىن ئىلتىماس قىلغانىدى. . .

— ئاغرىقىمىكەن. . . نېمە ئاغرىقتۇ؟ . . .

— ئاغرىقنىڭ نېمىلىكىنى دېيىشمىدى. . . بىراق خېلىدىن بېرى ئاغرىق ئوخشايدۇ. . .

— ئاغرىقى ئېغىرمىكەن. . . خەتەرلىكمىكەن. . . ؟

— ھەرھالدا ئېغىر بولسا كېرەك. . .

— شۇنداقمۇ؟ . . .

زەھرا بىر پەس چوڭقۇر ئوي ئىچىدە كۆنگە قارىۋالدى. كېيىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— سوئاللىرىمغا ھەيران قالماڭلار. . . ئەجەبلەنمەي تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. . . قانداقلا بولمىسۇن ماڭا ئوخشاش بىر ئوقۇغۇچىنىڭ دادىسى. . . ئاللا شىپالىق بەرسۇن. . .

گەپ باشقا تەرەپكە بۇرالدى، مەكتەپ، ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە سۆز بولۇندى. ۋەكىلگە سىنىپلارنى كۆرسەتمەكچى بولدى. پارتىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەربىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان ئوقۇغۇچى ھەققىدە قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى، مۇئەللىم چىرايلىق ۋە ئوچۇق سۆزلەيتتى. ۋەكىل بوش سىنىپتىكى پارتىلاردا رەڭگارەڭ چىرايلارنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكىنى، ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خۇشاللانغانلىقىنى، ئويلانغانلىقىنى، كۈلگەنلىكىنى، يىغلىغانلىقىنى كۆرگەندەكلا قىلاتتى. زەھرا سۆزلىگەنسېرى سىنىپ خىيالىي باللار توپى بىلەن تولاتتى. پەقەت ھەربىر سىنىپتا بىر چەتكە ئايرىپ قويۇلغان

بىرنەچچە پارتا بار ئىدى. مۇئەللىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا خاپا چىرايى بىلەن جىم تۇرۇۋاتاتتى. بۇ يامانلارنىڭ، ناچارلارنىڭ پارتىلىرى ئىدى. مائارىپ مۇدىرى زەھرانىڭ ئارىلىقتا سىرتقا چىقىپ كېتىشىدىن پايدىلىنىپ ساۋاقدىشىغا بۇ پارتىلارنى كۆرسىتىپ شۇنداق دېدى:

— سىنىپلارنىڭ بىر قىسمى مەندە خۇددى تاملار، تۆمۈر رىشاتكىلار بىلەن چۆرىدەلگەن ئايرىم ئۆيلەرگە، قانۇن تەرىپىدىن ياشلىرى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىلەرگە قامالمىغان، دارغا ئېسىلمىغان كىچىككىنە گۇناھكارلارغا خاس ”ئۆزگەرتىش ئۆيلىرى“گە ئوخشاش تەسىرات قوزغىدى. بۇ يەرلەر يامان ئاتا-ئانىلاردىن تۇغۇلغان، يامان شارائىتلاردا ئۆسكەن، ئەقلىمىز يەتمەيدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جىسمانىي ۋە روھىي زەئىپلىككە ئۇچرىغان بىچارىلەرگە خاستۇر. . . قەلبىنى بەك مۇجىيدىغان نەرسە نېمە بىلەمسىز؟ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قاتتىق بىر ئەخلاق تەرەپدارى بولغان زەھرانىڭ خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار. . . ئۇلار شۇنداق بالىلارنى مەسىلەن، نازۇك ۋە ھەرىكەتچان ئەقىلگە ئىگە. . . ھال ئەھۋالى ياخشىراق بىر ئائىلىنىڭ ياخشى كۆرگەن بالىلىرى بولسىدى، ئۇ ئىجادىيەتلىرى، نازاكەتلىرى بىلەن پارلاپ كەتكەن بولۇشاتتى. لېكىن كەمبەغەل ياكى يامان بىر ئائىلىدە ئۆسكەنلىرى ئۈچۈن بۇ ئەقىل باشقا يوللارغا ئىشلىتىلگەن. . . بىر چىشلەم نان، كىچىككىنە بىزەك ئۈچۈن ياكى ھەقسىز تاياقلاردىن ۋە زۇلۇملاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوغرىلىقتا، ئالدامچىلىقتا، يالغانچىلىقتا ئادەتلەنگەن. . . سىزگە يەنە بۇ پارتىلاردا ئولتۇرۇپ دائىم يىغلايدىغان

بىر بىچارە ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي. . .

بۇ 11 ياشقا كىرگەن يېتىم قىز ئىدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن بىر ياز كېچىسى بىر باينىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلەر ئوغرىلانغانىدى. ئۆي ئىگىلىرى شەھەر سىرتىدىكى باغلىرىغا كېتىشكەنىكەن. ئوغرىلارنى تېپىش زادىلا مۇمكىن بولمىدى. ئاخىرى ساقچىلار بىر يىپ ئۇچى تاپتى، يەنى بۇ كىچىك قىز ئوغرىلارنى باشلاپ كىرگەن ھەم سىرتتا پوستا تۇرۇپ بەرگەنمىش. . .

قىزنى ساقچىغا ئاپىرىشتى، ئۇزۇن ۋاقىت سوراق قىلىشتى، دەسلىۋىدە ئىقرار قىلمىدى. ئۈستى-بېشىنى ئاختۇرۇشتى. يانچۇقىدىن كونا قولياغلىقتا ئورۇلغان 75قۇرۇش[1]پۇل چىقتى. بۇ قىزچاقنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلدى. چۈنكى مۇنچىلىك پۇلنى باشقا يوللاردىن قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتىمۇ؟ . . . ئۆزىمۇ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. سامانلىقتا باللار بىلەن ئويناۋاتقان چېغىدا ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆزىنى قانداق ئالدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇ قىزنىڭ ئاپىسى ھايات چېغىدا، بۇ باينىڭ ئۆيىگە كىر يۇيغىلى، ئۆيلىرىنى تازىلىغىلى بارىدىكەندۇق. شۇڭلاشقا بۇ قىز ئۆينىڭ ئىشىكلىرىنى، پەنجىرىلىرىنى، تۇرخۇنلىرىنى بارلىق بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە بىلىدىكەن. ئۇ ئوغرىلارغا يولنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ، ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگەتكىچە كوچىدا پوستا

---

[1] تۈركىيىنىڭ ئەڭ كىچىك پۇل بىرلىكى، ھازىر ئىستېمالدىن قالدى.

تۇرۇپتۇ، يىراقتىن بىرسى كۆرۈنگەن ھامان مۈشۈكتەك مىياڭ-
لاپتۇ. بىرۋاقىتتا مەھەللىنىڭ كۆزەتچىسى ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى
بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلاپتۇ. . . كىچىك
قىز كۆزەتچىنىڭ بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرۇپ قېلىشىنى ئوغرىلار
ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ ئويلاپتۇ. . . كۆزەتچىنى بۇ يەردىن يىراق-
لاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلاپتۇ. كوچىنىڭ يەنە بىر
بېشىغا بېرىپ ئۈنىنىڭ بارىچە يىغلاشقا باشلاپتۇ. . . كۆزەتچى بۇ
يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. . . كىچىك قىز
”چوڭ ئاپامنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتاتتىم. . . ئىتلاردىن قورقتۇم،
قاراڭغۇ چۈشۈپ يولدىن ئادىشىپ قالدىم“ دەپ يەنىمۇ بەكرەك
يىغلاپتۇ. ئۇ بۇ رولنى شۇنداق ياخشى ئوينىغانكى، كۆزەتچىنىڭ
رەھىم-شەپقىتى تېشىپ كېتىپتۇ. بۇلاق سۈيىدە بۇ قىزنىڭ
يۈز-كۆزىنى يۇيۇپتۇ، سۇ بېرىپتۇ، ئۇنى يېتىلەپ خېلى يىراقتى-
كى بىر مەھەللىگە ئاپىرىپتۇ. . . تەبىئىكى بۇ ئەسنادا ئوغرىلار
بىخارامان ئىشلىرىنى تۈگىتىپتۇ. . . ئەسلىدە بۇ قىزنى تۇتۇپ
بەرگەن شۇ كۆزەتچىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئىكەن.

بۇ قىز ۋەقەنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭدىن قوغدى-
نىشنى ئويلىمايتتى. ئوغرىلارنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا:
”بىلمەيمەن، مەن تونۇمايدىغان ئادەملەر ئىدى“ دەپلا تۇرۇۋال-
غان. بۇ گەپنىڭ راست ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى. ناھىيەگە
يېڭى كەلگەن ئوغرىلار كىرىدىغان ئۆيلەرنى تەپسىلىي بىلىدىغان
ئاچ-يالىڭاچ، كەمبەغەل بىر قىزنى سامانلىقتا ئويناۋاتقان بىر
توپ بالىنىڭ ئىچىدىن قانداق قىلىپ تېپىۋېلىشى مۇمكىن؟
شۇنداقلا كۈپ-كۈندۈزدە كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن ئۈچ ياش

ئادەمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بايقالماسلىقىمۇ قىزنى تاتلىق-تۇ
ئەمەس ئىدى. بۇ قىز ئوغرىلارنى بىلەتتى. ب بېچىپ قورقۇتتى-
كىنى دېيىشتىن قورقاتتى. دەسلەپتە بۇ قىزنى تاتلىق-تۇرۇم-
لەرنى بېرىپ ئالداپ كۆرۈشتى. ئاللادىن، پەيغەمبەردىن، ئا-
خىرەتتىن، دوزاختىن گەپ ئېچىپ قورقۇتتى. ئازراق ئىككىلە-
نىپ قالغاندەك قىلدى، بەلكىم دەپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى،
بىراق كۆزى ئۇستەلدىكى پولغا چۇشۇش بىلەن قاتتىق تۇرۇۋال-
دى. قايتىدىن يالغان سۆزلەشكە باشلىدى، پۇل بېرىمىز دېيىش-
تى، يەنىلا جاۋاب بەرمىدى، ئاخىرى تەھدىت سېلىشقا، قورقۇ-
تۇشقا مەجبۇر بولۇشتى، يەنىلا جىم تۇرۇۋالدى. ساقچىلار بۇ
جاھىل قىزغا قاتتىق ئاچچىقلاندى. دەسلەپ قوللىرىدىن تۇتۇپ
قاتتىق سىلكىشلىدى، كېيىن ئۇرۇشتى. قىز تىزلىنىپ يەرگە
ئولتۇرۇۋالدى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار يۈزىدىكى توپا-چاڭلار
بىلەن ئارىلىشىپ كىر-پاتقاقا ئايلاندى. يىرىلىپ كەتكەن كال-
پۇكلىرىدىن قان تامچىلايتتى. سۆڭەكلىرى چىقىپ كەتكەن
ئورۇق كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى
قورقۇنچ ۋە ئازابتىن تىترەيتتى. بۇنىڭغا قارىماستىن يەنىلا جىم
تۇراتتى. بۇ ياشتىكى بىر قىزنىڭ قولىدىن شۇنچىلىك يامانلىق
ۋە پەسكەشلىك كېلىدۇ دەپ كىممۇ ئويلايدۇ؟ ئۇنىڭغا يالۋۇ-
رۇشتى. ئۇنىڭغا ھېچقانداق گەپ كەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە
بېرىشتى. ئاللا ھەققىدە راستچىللىق، جەننەت ۋە جەھەننەم
ھەققىدە جىق گەپ قىلىشتى. ئەگەر مەقسىدى پۇل بولسا، مانا
پۇل دەپ جىق پۇللارنى كۆرسىتىشتى. ئەڭ ئاخىرى ئاخىرەتتە
كۆرىدىغان ئازابلاردىن دەپ بېرىشتى. . لېكىن ھېچقايسىسى

تەسىر قىلمىدى. . . جاھىل قىز بىر ئېغىز گەپ قىلماستىن ئوغرىلارنى فوغداشنى داۋاملاشتۇردى. ھېكايە بۇ يەرگە كەلگەندە زەھرا كىرىپ كەلدى. مائارىپ مۇدىرى سۆزنى توختىتىشنى لايىق كۆرمەستىن داۋاملاشتۇردى.

مەكتەپ مۇدىرى گەپكە ئارىلاشتى:

—سىلەر تايىنلىق ئوغرىلارنىڭ 11 ياشلىق يولباشچىسى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانسىلەر. ئۇ ھەقىقەتەن دەھشەتلىك بىر مىكروب ئىدى. ئۇ مىكروب ھازىرغىچە ياشىغان بولسا جەمئىيەت ئۈچۈن بالايىئاپەت بولغان بولاتتى.

زەھرا مائارىپ مۇدىرىنىڭ پىكرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن شەرىف خېلىل ئەپەندىگە قاراپ سۆزلەيتتى.

—بەي ئەپەندى، ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ. . . ئۇ شۇنداق بىر قىزكى، بەش-ئالتە قۇرۇش ئۈچۈن ئوغرىلارغا يول باشلاپ بېرىدۇ ۋە پوستا تۇرىدۇ. ساقچىلارنىڭ شۇنچىلىك قىلىشلىرىغا قارىماستىن ئوغرىلارنى تۇتۇپ بەرمەسلىك ئۈچۈن قاتتىق تۇرىدۇ ۋە. . .

تەۋپىق خەيرى بوش پارتىلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرۇۋالغان ئىدى. چاقچاق قىلىش ئۈچۈن مۇئەللىمدىن كۈلكىلىك سوئاللارنى سورايدىغان شوخ ئوقۇغۇچىلاردەك قولىنى ئېگىز كۆتۈردى:

—كەچۈرۈڭ مۇئەللىم. . . ”ئوغرىلارنى تۇتۇپ بەرمىدى“ دېدىڭىز، ”ئىنتىپاقداشلىرىنى، سەپداشلىرىنى سېتىشتىن باش تارتتى“ دېسىڭىز تېخىمۇ دۇرۇس بولماسمىدى؟

زەھرا جاۋاب بەرمەكچى بولدىيۇ، بىردىنلا ۋاز كەچتى، كالپۇكىنى چىشلەپلا قويدى. مائارىپ مۇدىرى ئۇنى قويۇۋەتمەس-

لىكنى، بىر مەزگىل مۇنازىرە قىلىشنى خالايتتى. ئولتۇرغان يېرىدە يەنىلا نادان باللاردەك سۆزىنى داۋام قىلدۇردى. ئاۋازى ۋە قىلىقلىرى ئارقىلىق بەزىدە زەھرا خانىمنى دورىماقچى بولغان-دەك قىلاتتى.

— شۇنداق، 12 ياشقىمۇ كىرمىگەن بىر بالا 75 قۇرۇش ئۇچۇن ئوغرىلارغا يولباشچىلىق قىلدى. بەلكىم ئۇ شۇ پۇلغا بىر ئويۇنچۇق ياكى تاتلىق-تۈرۈم ئالار. . . ياكى بولمىسا ئۆزىگە ۋە قېرىنداشلىرىغا نان، ئاغرىق قېرى مومىسىغا دورا ئالىدىغاندۇ، بەلكىم بۇ پۇلنى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ قەرزىنى بېرىشكە قىستاپ كەلگەنلەرگە بېرىدىغاندۇ. . . بۇمۇ بىر خىل ئىنسانلىقتۇر. ياق، ياق، بۇنى بىر نېمە دېگىلى بولماي-دۇ، شۇنداقمۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن ئۇ مەقسەت ئەمەس، ئوغرى-لىق، زادى ئوغرىلىقتۇر. . . شۇنداق، مۇشتۇمدەك بۇ قىز 75 قۇرۇش ئۇچۇن ئوغرىلار بىلەن توختام تۈزۈشتى، ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش ۋە ئوغرىلارنى ئاخىرىغىچە قوغداپ قېلىشقا كاپا-لەتلىك قىلدى، تەلىيى ئۇڭدىن كەلمەستىن قولغا چۈشۈپ قال-دى، ئۇنىڭغا ئوغرىلار بەرگەن پۇلدىن 3 ھەسسە كۆپ پۇل بېرىشنى ۋەدە قىلىشتى، بۇ پۇل ئۇنىڭ ئۇچۇن مىليونىرلارچە پۇل ھېسابلىناتتى، بۇ قىزنىڭ شۇ مىنۇتلاردىكى روھىي ھالى-تىنى ئويلاۋاتىمەن. . . مەلۇم ۋاقىتتا ئىككىلىنىپ قالىدۇ، سۆزلەپ بەرسىلا ھەم ئۆزى قۇتۇلاتتى، ھەم بىر خاسىيەتلىك ئىش قىلىپ خۇدانى رازى قىلغان بولاتتى. . . بۇ نېمە دېگەن ياخشى پۇرسەت- ھە! بىراق بۇ قىز شۇ ئازراق پۇل ئۇچۇن ئۇ ئادەملەر بىلەن قىلىنغان توختامنى ئويلايدۇ. تېخى يېتىلمى-

گەن، قالايمىقان زېمىننىڭ، قاراڭغۇ روھنىڭ ئىچىدە بىر نەر-سە ئۇنىڭغا "ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق" قىلىشنىڭ يامان ئىش ئىكەنلى-كىنى سۆزلەيتتى. . .

مائارىپ مۇدىرى بىلەن مۇئەللىم بىر-بىرىنى ھۆرمەت بى-لەن ياخشى كۆرۈشەتتى. بىراق بىرلىككە كېلەلمەيدىغان نۇقتى-لىرىمۇ بار ئىدى. بەزىدە ئۆز ۋۇنغىچە بەس-مۇنازىرە قىلىشاتتى. كىتابلار ئىچىدە ياشايدىغان ھاياتقا ئۇنچىۋالا قىزىقمايدىغان تەۋ-فىق خەيرى ئۇنى پىكرىدە بىر ئاز قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە، بۇ قەتئىي، جەسۇر، لېكىن رامكا ئىچىدىكى سەپدىشىغا چاقچاق قىلىش ئۈچۈن باشلىغان بۇ مۇنازىرىلەردە بەزىدە كۆچلۈك بىر مەنتىق بىلەن، بەزىدە ماھىرانە ئازدۇرۇش سۆزلىرى ۋە سەپسە-تىلەر بىلەن ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەسەبىيلىشىش ۋە غەزەپلىنىش ھالىتىنى تاماشا قىلاتتى.

زەھرا ئۆز چۈشەنچىلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىش بىلەن تەڭ، بىر يات ئادەمنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشتىن قورقاتتى ۋە ئاغزىنى ئاچمايتتى.

شەرىف خېلىل زەھرانىڭ خاپا بولغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالغاندەك قىياپەتتە تەۋفىق ئەپەندىگە جاۋاب بەردى:

— ئەپەندىم، بۇلار ماڭا خۇددى سىزنىڭ شائىرانە چۈشلىرى-ڭىزدەك بىلىنمۇاتىدۇ. ئەگەر قولىڭىزدىن كەلسە بۇ قىزغا ئىپتىخارلىق مېدالى بەرگەن بولاتتىڭىز.

مائارىپ مۇدىرى پارتىغا ئوبدانلا ئورۇنلىشىۋالغانىدى. بۇ قېتىممۇ شەرىف خېلىل ساۋاقدىشىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. لېكىن سۆزلىرىنىڭ ئەسلى نىشانى زەھرا ئىكەنلىكىنى كۆزلىرى

بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

— ئەپەندىم، رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن سىزدىن بىر سوئال سوراي، بۇ قىز نوپۇزلۇق، ھال-ئەھۋالى ياخشى بىر ئائىلىنىڭ قىزى بولغان بولسىدى. . . يەنە پەرەز قىلايلى: بۇ يەردە ياشاش-نىڭ ئورنىغا دۈشمەن ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەھەرلىرىمىزدە ياشىغان بولسىدى. . . تاسادىپەن دۈشمەننىڭ قارا گۇرۇھى ھەق-قىدە مەلۇمات بولسىدى. . . بىر كۈنى ئۈچ ۋەتەندىشىنى شۇ گۇرۇھقا كىرگۈزۈۋەتسە، ئۇلار مەملىكىتىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بەزى ھۆججەت ۋە خەرىتىلەرنى ئوغرىلىغان بولسىدى. . . دۈش-مەن بۇ كىچىك قىزنى قولغا چۈشۈرۈپ، سوراق قىلىپ، جاۋاب ئالالمىسا. . . قىيناپ ئازابلىسا، يەنىلا جىم تۇرۇۋېلىپ قارشى-لىق كۆرسەتسە، بۇ قىزغا شەرەپ مېدالى تەقدىم قىلماسمىدى-ڭىز؟ . . .

— شۇنداق، بىراق بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. . .

— زەھرا خانىم ئۇ قىز ئۈچۈن بىر ھەيكەل قاتۇرۇشنى خالايتتى.

بۇ قېتىم زەھرا خانىم جاۋاب بەردى:

— مەملىكىتىنى دەپ ئازاب چەككەن بىر قىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە. . .

مائارىپ مۇدىرى ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۈيۈشۈپ قالغان پۇتلىرى بىلەن ئاقساپراق مېڭىشقا باشلىدى.

— ياخشى خېنىم. . . خېنىم تۇرۇش، بىر خىل ئىچىنتقۇ. . .

بىرنەچچە يىل بۇرۇن بىز بىلەن ياشىغان، بىللە يىغلىغان ۋە ئاخىرى ئۆلگەن ھەقىقىي باللار بىلەن ھازىر مەن تەسۋىرلى-

گەن خىيالىي باللار روھلىرى، تىلەك-ئارزۇلىرى ئېتىبارى بىلەن قېرىنداشتۇر. . . مۇھىتلىرىنى ۋە تەربىيىلىرىنى ئاززاق ئۆزگەرتىڭ. . . بىرسىنىڭ قىلغانلىرىنى باشقىسىنىڭمۇ قىلالى-شىغا ھېچ قانداق توسالغۇ قالمايدۇ. . .

تەۋفىق بەي سەل ئۇھ تارتىپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە كۆلۈمسىرەپ قويدى:

—زەھرا خانىم قىزىمىز مانا مۇشۇنداق. . .

—ھەقىقەتەن زەئىپ، روھى چۈشكۈنلەرگە، بۇزۇقلارغا باشقىچە مۇئامىلىدە بولۇشنى چۈشەنمەك. . . بىراق بۇ يەردە خاتا چۈشىنىپ قېلىنغانلارغا ياكى ياخشى چۈشىنەلمىگەنلەرگە ئۇۋال بولۇپ كېتىشىدىن بەكمۇ قورقىمەن. . .

خېلىلا ئەسەبىيلىشىپ قالغان زەھرا بەك تەستە گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. ۋەكىللەرگە باللارنىڭ كىيىملىرىنى، رەسىملى-رىنى كۆرسىتىپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئىزاھات بەردى.

* * *

خېلىدىن كېيىن مەكتەپتىن چىققان چاغدا شەرىف خېلىل بەي:

—ھەيران قالغىدەك ئىش، ماڭا دېگەن ھېلىقى زەھرا بۇ ئەمەسكەن. . . —، دېدى.

مائارىپ مۇدىرى ئويلىنىپ تۇرۇپ:

—مېنىڭچە ئۇ ئەنە شۇ زەھرا. . . ،—دېدى.

—زەھرا يالغان سۆزلىمىگەندۇ؟ . . .

تەۋفىق بەي تىلىنىڭ ئۇچىدىلا:

—ئېنىق ئەمەس، —دېدى.

بىر پەس گەپ-سۆزسىز مېڭىشتى. كېيىن مائارىپ مۇدى-ىرى قەتئىيلىك بىلەن:

— مەن شۇنداق ئويلايمەن، ئىشنىمەنكى ئۇ شۇ. گەپلىرى-ڭىزگە قانچىلىك قىزىققانلىقىمغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ دادىسى ھەققىدە سۆز قىلغىنىڭىزدا تەمتىرەپ قالدى. سىز قاتتىق تو-رۇۋالغاندا خاپا بولۇپ كەتتى... مەيلى بۇنىڭ مەلۇم سەۋەبلىرى بار دەپ ئىزاھلايلى... بىراق قېرىنىڭ ئاغرىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان چېغىڭىزدىكى قايغۇسىغا نېمە دەيسىز؟

— سەۋەبىنى ئىزاھلاپ بەردىغۇ... ئىنسانلىق، ئىچ ئاغرىتىش...

— ئەسلىدە شۇ ئىزاھلار ئادەمنىڭ ئىچىنى ئىلەشتۇرۇۋەت-تى... بۇنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ شەرىق بەي، ھازىر باشقا ئىشلارمۇ ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. زەھرا بىلەن ھەر دائىم مۇنداق مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىشلاردا بولمايمىز... بەكمۇ شېرىن ۋە سەمىمىي سۆھبەتلەشكەن، ئاتا-بالىدەك مۇڭداشقان چاغلىرىمىز-مۇ بولاتتى.

ماڭا ھازىرغىچە دادىسى ھەتتا ئائىلىسى ھەققىدە بىر ئېغىز-مۇ سۆز قىلماسلىقى مەنىلىك ئەمەسمۇ؟ شۇنداقلا بۇ يۇرتقا شۇنچىلىك ئىشتىياق باغلىشى، ياخشى كۆرۈپ كېتىشى، ئىس-تانبۇلنى زادىلا ئەسلەپ قويماسلىقى، 10 نەچچە سائەتلىك يى-راقلىقتىكى ئۆز يۇرتىنى 8 يىلدىن بېرى بىر قېتىممۇ كۆرگىلى بارماسلىقى غەلىتە ئەمەسمۇ؟ بىراق شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ھازىرغىچە بۇ ئىشلار دىققەت نەزەرىمىزنى تارتمىغان ئىدى. ھەر ھالدا بۇ بىر ئائىلە سىرى بولسا كېرەك... قېنى

كۆرۈپ باقايلى، بەلكى كەلگۈسىدە چۈشىنىپ قالارمىز...

I

مائارىپ مۇدىرى بۇ تېپىشماقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت ساقلىمىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئىستانبۇلدىن كەلگەن رەسمىي بىر تېلېگراممىدا زەھرا خانىمنىڭ دادىسى مۇرشىت ئەپەندىنىڭ سەكراتتا ئىكەنلىكى، مۇئەللىمنى تېزدىن يولغا سېلىش لازىملىقى بىلدۈرۈلگەن.

تەۋفىق بەي مەكتەپكە بىر خىزمەتچىنى ئەۋەتىپ، زەھرانى چاقىرتتى. 10 مىنۇتتىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى زەھرا مائارىپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. چىرايى ئادەتتىكىدەك، ئەمما مەڭزى ئۆلۈكنىڭكىدەك خۇنۇك ئىدى. ئادەتتىن تاشقىرى بىرەر خەۋەرنىڭ بارلىقىنى سەزگەندەك، ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن غەيرەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

تەۋفىق بەي ھاياجان ئىچىدە ئىدى. بىردىنلا سۆز تاپالماي قالغانلىقى ئۈچۈن ئالدىدىكى قەغەز دۆۋىلىرىنى، ئۈستەل تارتمىلىرىنى ئۇ يان-بۇ يان قىلىپ، خۇددى بىرنەرسە ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

زەھرا ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەلنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئاستاغىنە:

—مېنى چاقىرتىپتىكەنسىز ئەپەندى، —دېدى.

مائارىپ مۇدىرى ئورنىدىن تۇردى. تېلېگراممىنى ئالقىنىدا مۇجۇپ تۇرۇپ:

— بىر تېلېگراممىنى ئالدىم. دەرھال ئىستانبۇلغا بېرىشىڭىز تەلەپ قىلىنغان، — دېدى.

تەۋفىق بەي ئارتۇقچە ئىزاھات بېرىشنى لايىق كۆرمىدى. ئۇنىڭ سوئال سورىشىنى كۈتتى. مۇئەللىم ئاستا مېڭىپ يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كەلدى، قولىنى ئۇزىتىپ مائارىپ مۇدىرىنىڭ قولىدىكى پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزنى سورىدى:

— ماڭا بېرەمسىز؟

تەۋفىق بەي تېلېگراممىنىڭ تارتىپ ئېلىنىشىدىن قورققاندەك دەرھال قولىنى تارتىۋالدى. زەھرا يەنىلا پەرۋاسىزلارچە، بىراق بوش ئاۋازدا:

— ئۆلۈپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كىم؟

— دادام؟

— ياق، بىراق ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ... ئۇمىد ئۈزۈشكە بولمايدۇ، ئەمما...

— يەنە باشقا گەپلەر دېيىلگەنمۇ؟

— ياق... پەقەتلا مۇمكىن قەدەر تېز ئىستانبۇلغا بېرىشىڭىزنى... مانا تېلېگرامما...

زەھرا خانىم تېلېگراممىنى ئالدى، ئىشخانا شۇنچىلىك يورۇق بولسىمۇ، پەنجىرە تەرەپكە قاراتتى. سۆزلەرنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىشتە قىيىنچىلىق تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى. قايتا-قايتا ئوقۇيتتى، لېكىن قوللىرىنى ئۈستەلگە تىرىۋالدى. پەنجىرىدىن يىراقلارغا قاراشقا باشلىدى. چىرايى شۇنچىلىك پەرۋاسىز ۋە ئۆزگەرمىسىز ئىدىكى، مائارىپ مۇدىرى مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا

تەسەللىي ئۇچۇن دېيىلىدىغان بەزى گەپلەرنى قىلىشقىمۇ جۇر-ئەت قىلالماستىن تۇرۇپلا قالدى.

ئىشخانىغا كاتىپ كىرىپ، مائارىپ مۇدىرىغا بىر توپ قە-غەزلەرنى بەردى. تەۋفىق بەي بۇ قەغەزلەرنى بىر-بىرلەپ كۆز-دىن كەچۈردى، ئىمزا قويدى. ھېچ نەرسە دېمەستىنلا قايتۇرۇپ بەردى. ئۇلار يەنە يالغۇز قېلىشتى. زەھرا خانىم يەنىلا شۇ ئەلپازدا تۇراتتى.

مائارىپ مۇدىرى گەپ باشلىدى:

—تېزدىن تەييار بولۇشىڭىز كېرەك قىزىم، پويىز ×× بېكىتىگە ئىككى يېرىمدا كېلىدۇ. 12دە، ئەڭ كېچىكسىڭىز 12 يېرىمدا بۇ يەردىن مېڭىشىڭىز لازىم، بولمىسا ئۈلگۈرەلمەيسىز، مەن ئۇنىڭغىچە بىر ماشىنا تېپىپ تۇراي.

زەھرا خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك سىلكىندى، مائارىپ مۇدىرىگە قارىدى. ئۆزىگە كېلىپ كەسكىن قارارنى دېدى:

—سىزگە كۆپ رەخمەت... ماڭمايمەن، بېرىشىمنىڭ ھا-جىتى يوق.

تەۋفىق خەيرى چۆچۈپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى.

—قانداق بولىدۇ، قىزىم؟

—شۇنداق قىلىشىمىز لازىم...

مۇئەللىمنىڭ چىرايى تۇرۇلگەن، كىچىك كۆزلىرى قاراڭ-غۇلاشقانىدى، بۇ يامان ئالامەت ئىدى. مائارىپ مۇدىرى ئۇنى بەك ياخشى بىلەتتى، ئۇ پىكرىگە ۋە كەسپىگە ماس كەلمەيدىغان بىرەر ئىش تەلەپ قىلىنسا دائىم چىرايى بۇ تۇسكە كىرەتتى ۋە دېگەن سۆزىدىن يانمايتتى. مائارىپ مۇدىرىنىڭ مېڭىسى تېخىمۇ

قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇ خىل ۋەزىيەتتە قەتئىي بىر ھەرىكەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلىپ قوپال ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

—دادىڭىز ئاغرىق... بەك ئېغىر كەن. سىزنىڭ چوقۇم ئىستانبۇلغا كېلىشىڭىزنى تەلەپ قىپتۇ، سىز بارمايمەن دەيـ سىز، ماڭا بۇ سەۋەبنى دەپ بېرەلەمسىز؟

—مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاقىدار مەسىلە بولسىدى، ئىككىـ لەنمەستىن جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

زەھرا باشلىقىغا قارشى قاتتىق ۋە ھۆجۇمكار قىياپەتكە كىرگەنىدى.

تەۋفىق خەيرى شەپقەتلىك، شۇنداقلا قايغۇلۇق بىر تەبەسـ سۇم بىلەن سۆزلىدى:

—قىزىم زەھرا... بۇ سوئالنى مائارىپ مۇدىرى ئەمەس، سىزنى ھەرقاچان ئۆز قىزى، كىچىك سىڭلىسىدەك ياخشى كۆ- رۈپ كەلگەن بىر دوستىڭىز سوراۋاتىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ماڭا مۇنداق جاۋاب بېرىشىڭىزنى توغرا تاپمىدىم.

—ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن، تەۋفىق بەي، سەت ئىش قىلدىم. ئەيىبكارمەن، بىراق مېنى كەچۈرۈڭ، توغرا چۈشىـ نىڭ. سىز بىلمەيسىز، ئىنتايىن قالايمىقان ئوي ئىچىدە قالغان ۋاقتىمدا...،—سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى زەھرا، كالپۇكـ لىرى تىترەپ يىغلاشقا باشلىدى. ھازىر نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ئاجىزلىقىنى، كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇشنى ئويلىمايتتى. پەقەت بېشىنى سەل ئېگىپ تۇراتتى،—تەۋفىق بەي!...،—زەھرا تۇنجى قېتىم ئۆز ئىسمى بىلەن مۇشۇنداق خىتاب قىلىۋاتاتتى. ئەمدى قارشىلىق كۆرسەتمەسلىككە غەيرەت قىلىۋاتاتتى.

ئۇ تەپسىلىي سۆزلەشكە باشلىدى:

—ئۆتكەندە سىزدىن راست گەپنى يوشۇردۇم... دادامنى ئىنكار قىلدىم... لېكىن پۈتۈنلەي يالغان دېگەنلىك ئەمەس. مۇرشىد ئەپەندى مېنىڭ ئۈچۈن دادىلىق ھەققىنى يوقاتقان بىر بىچارىدۇر... بىچارە دېدىم، ئۇنىڭغا لايىق سۆزنى دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ، بەلكىم شۇ سائەتلەردە ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن، —ئۆرە تۇرغىلى ماغدۇرى قالمىغاندەك ئۈستەل يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. پېشانىسىدىن تەر تامچىلىرى تەپچىرەشكە باشلىدى، —بۇ ئادەم ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلدى، مەن قانداقلا بولمىسۇن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرالىدىم، قانچىلىك قىيىنچىلىق بىلەن دېمەمسىز؟... سەككىز يىل بۇرۇن خۇددى بىر ئوت ئاپىتىدىن، قىرغىنچىلىقتىن قېچىپ چىققاندەك، ئۆزۈمگە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردۇم... راست دېگەندە شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتىم. چۈنكى ھاياتلىقى مېنىڭ ئۈچۈن بىر داغ ھېسابلىنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈمى تېخىمۇ زور داغ بولۇشى مۇمكىن... بۈگۈن سىز بىلگەن ھەقىقەتنى ئەتە باشقىلارمۇ بىلىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ ئارىسىدا يۈزۈمنى ئېتىۋېلىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىمەن... ھالبۇكى، مەن ئوچۇق پېشانە بىلەن ياشاشقا ئەڭ لايىق بىر ئىنسانمەن.

ئۇ ماتەم ئىچىدە دەھشەت بىر غۇرۇر بىلەن بېشىنى كۆتۈردى، تىرناقلىرىنى ئالقانلىرىغا پاتۇرۇۋەتكەندەك قىلىپ مۇشتۇملىرىنى تۈگدى، —ئۆزۈمنىڭ ئىنسانلىقىنى، ئۆز ھوقۇقۇمنى ئۇنۇتتۇم. ھاياتىمنى باشقىلارنىڭ بەختىگە بېغىشلىدىم، ئۆزۈمنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىن، ھەۋەسلەردىن

مەھرۇم قىلدىم. كىچىككىنە بالا چېغىمدىن تارتىپ تەمتىرەپ يۈردۈم، قىيىنچىلىق تارتتىم. بارلىق مەھرۇم بولغان نەرسى-لىرىم بىلەن بۇ داغنى تازىلىدىم، دەپ ئويلايمەن. بۇلارنى دېگەنلىكىم ئۇچۇن مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز، بۇ خىل ئىش-لارنى ئەلۋەتتە توغرا چۈشىنەرسىز.

بۇ، بىر خىل كۈچلۈك نېرۋا كرىزىسى ئىدى. مۇئەللىمە-نىڭ كۆزلىرىدىكى ياشلار قۇرۇغان، يۈزلىرىنىڭ گۆشلىرى تارتىشقان، ئاۋازلىرى بوغۇلغانىدى. ئەمما ئۇ ئەڭ يامان ئەھۋال-دا كۆرۈنگەن بۇ قىسمەتلەردىن قۇتۇلۇپ بىردىنلا ئۆزىگە كېلەت-تى ۋە ئۆزىگە ھاكىم بولاتتى.

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، بىلەكلىرىنى ئۈستەلگە تىرە-دى. سوغۇق ۋە ئاچچىق پەرۋاسىزلىق بىلەن شۇنداق دېدى:

— ئىستانبۇلغا بارمايمەن، بۇ مۇرشىد ئەپەندىنى تونۇماي-مەن. . . تونۇماسلىقتىمۇ ئۆزۈمنى ھەقلىق دەپ ھېسابلايمەن، ناۋادا ئۆلىدىكەن، ئۇ بىر چەتكە بېرىپ جىمجىتقىنە ئۆلۈشى مۇمكىن ئىدى. ئەمدى مۇشۇنداق بىر مىنۇتلاردا ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە بولالمايمىز.

بۇلارنى دەپ بولغاندىن كېيىن مائارىپ مۇدىرىگە بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى.

تەۋفىق خەيرى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چوڭقۇر ئويغا پېتىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ئاڭلىغان، بىراق سۆزلىگىدەك سۆز تاپالمىغا-نىدى. توغرىسى، ئۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئارتۇقچە سۆزلىشىشنى خالىمىغانىدى. قەلبىدە چۈشىنىكسىز بىرخىل قىسىلىش، بىر خىل بىئاراملىق، ئاغزىدا بىر خىل ئاچچىق بار

ئىدى. مۇئەللىمنىڭ ھەرىكەتلىرىنى توغرا تاپمىغانىدى. تەپسى-لىي ئەھۋاللارنى بىلمىگەن بىلەن بۇ سەرگۈزەشتىنى ئاز-تولا پەرەز قىلالايتتى. بۇ مۇرشىد ئەپەندى ھەرھالدا بىر يامان ئادەم بولسا كېرەك، ئائىلىسىنى خاراب قىلغاندۇر بەلكىم، زەھرانىڭ دېگەنلىرىدەك ئائىلىسىدە ئۆلۈملەرگە، خانىۋەيرانچىلىقلارغا سە-ۋەب بولغاندۇر، بۇ مەغرۇر ۋە ۋىجدانلىق قىزنىڭ ئۇنىڭ كاسا-پىتىدىن كۆپ دەرد-ئەلەملەرنى تارتقانلىقى چوقۇم. لېكىن قاي-داقلا بولمىسۇن ئۇ سەكراتتا ياتقان بىر دادا-دە، مۇنداق ۋاقىتتا بارلىق ئۆچمەنلىكلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ-زۇن زامانلاردىن قالغان چەكلىك بولسىمۇ بىر-ئىككى شەپقەت خاتىرىسى ئەسكە ئېلىنماي قالمايدۇ. ”ناۋادا ئۆلۈۋدىكەن، بىر چەتكە بېرىپ جىمجىتقىنە ئۆلۈشى مۇمكىن ئىدى!“ بىر ئىنسان بۇ سۆزلەرنى ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان، زىيىنىنى كۆرگەن بىر ئادەم ئۈچۈن ھەتتا دادىسى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىشى مۇمكىن. بىراق ئۆلگەنلىكىنى ياكى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى بىلگەن چاغلاردا ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مائارىپ مۇدىرى زەھرا ھەققىدە ئاچچىق بىئاراملىقتا چۆككەنىدى. زەھرا چىقىپ كېتىۋاتقاندا بىر ئېغىز-مۇ گەپ قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ ئىدى. مائارىپ مۇدىرى ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇردى، ئويغا پاتقان ھالدا كۆڭۈلسىز ئىشلەشكە باشلىدى. بىر سائەتتىن كېيىن ئىشتىن چۈشتى. پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا مۇئەللىم بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ قال-دى. زەھرا كېتىۋاتقان يېرىدە توختاپ، سەل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— ئويلاپ كۆردۇم. . . مېنىڭمۇ قارار قىلدىم،— دېدى.

تەۋفىق خەيرى ئاددىيلا قىلىپ:

—بەك ياخشى بوپتۇ، —دېدى.

بىر خىزمەتچىنى چاقىردى. زەھرانى ئىككى سائەتلىك يې-راقلىقتىكى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ماشىنا تېپىشقا بۇيرىدى.

ئۆرە تۇرۇپ بەش مىنۇتچە سۆزلەشتى، پەقەت خىزمەت ئۈستىدىلا سۆزلەشتى. ئۇ ۋەقە ھەققىدە بىرنەرسە دېيىشتىن ھەر ئىككىسى ئۆزىنى تارتتى.

## II

رەسمىي قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. كۇمۇتىلارنىڭ ۋاگۇن-غا كىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن چىراغلارنى ئۆچۈرۈۋەتكەنىدى.

زەھرا بېشىنى پەنجىرىنىڭ چېتىگە قويۇپ قاراڭغۇلۇققا قارايتتى. ئۇدۇلدىكى 5-4 ياشلىق نەۋرىسىنى تىزىغا ئولتۇرغۇ-زۇۋالغان بىر موماي پەس ئاۋازدا قۇرئاننى يادا ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

سەللا بۇرۇن بۇ موماي زەھراغا خېلى دەرد تۆكۈپ بەردى: ئۇ ئىستانبۇللۇق ئىدى. بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن قىزىنى كىچىك بىر ناھىيەگە ياتلىق قىلغانىكەن، كۈيئوغلى هاراقكەش ۋە ئەخلاقسىز بىر كاتىپ ئىكەن. بىچارە قىز ئالتە يىلدىن بېرى بۇ لوكچەكنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى تارتىپ ئاخىرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئاپىسى قىزىنى ئارانلا بىر كۆرۈۋېلىشقا ئۈلگۈ-رۈپتۇ. نەۋرىسىنى ئۇ هاراقكەش دادىسىنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ

كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماي، ئىستانبۇلغا قايتۇرۇپ مېڭىشى ئە-
كەن. ئۇ موماي قىزىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ياشاشنى
خالىمايلا قاپتۇ. بىراق مۇشۇ بالىنى چوڭ قىلىش ئۇچۇن ياشاش-
نى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلىپتۇ. زەھرا مومايىنىڭ دېگەنلى-
رىنى چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن ئاڭلاپ تەسەللىي بەردى. موما-
ينىڭ تىزىدا ئۇخلاپ قالغان يېتىم بالىنىڭ بۇدرە-بۇدرە قوڭۇر
چاچلىرىنى خېلىغىچە سىلاپ ئولتۇرغانىدى. پويىز قاراڭغۇ بىر
تۇزلەڭلىكتە كېتىپ باراتتى. خېلىدىن بېرى توختىماستىن چى-
قىۋاتقان شامالنىڭ ئاۋازى، چەكسىز كەتكەن بىر دېڭىزنى ئەس-
لىتىدىغان بىر تۇزلەڭ. . . ئۇيۇقتا—شالاڭ يۇلتۇزلۇق ئاسما-
نىڭ ئېتىكىدە يىراقتىن قاتار كەتكەن تاغلار گىرىمسەن كۆرۈ-
نۇپ تۇراتتى. چىراغلىرى ئۆچۈرۈلمىگەن بىر-ئىككى پەنجىرى-
دىن چېچىلغان سۇس يورۇقلۇقنىڭ يېتىپ بارالىغان يەرلىرىدە
بوش ئېتىزلار، قۇرۇپ كەتكەن ئىنچىكە دەرەخلەر غىل-پال
كۆرۈنۇپ قالاتتى. پويىز بىلەن مۇسابىقىلىشىۋاتقاندەك ئۇچۇپ
كېتىۋاتقان بىر قۇشنىڭ سايىسى بىرپەس يورۇقلۇق ئىچىدە
يۇگرىدى، كېيىن بېرىپ ئاستا-ئاستا ئارقىدا قالدى ۋە يوقاپ
كەتتى.

زەھرا كۆزلىرىنى يۇمدى، بۇرۇنقى كۈنلىرىنى ئويلاشقا،
كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئەسلىمىلىرىنىڭ ئەڭ ياخ-
شىسى بالىلىق چاغلىرى ئىدى. بالىلىق چاغلىرىنىڭ دەسلەپكى
يىللىرى ئىنتايىن خوشال ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېچى-
نىشلار، ئۈمىدسىزلىكلەر، ئىسيانكارلىقلار بىلەن تولغان بىر
ئازابلىق دەۋرى باشلانغانىدى. ئاخىرى بىر خىل مەنىۋى پالەچ

هالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھەسرەتلىرى توختاپ قالغان، مەغرور-
لۇقى يوقالغان، پەقەت باشقىلار ئۈچۈن ئويلىنىشقا ۋە ياشاشقا
باشلىغانىدى.

بالىلىق چاغلىرى ئىستانبۇلنىڭ بەگلەر قەبرى دېگەن يېرد-
ىدىكى كونا بىر يارلىقتا ئۆتكەنىدى. بۇ يەرگە ئىككى يېنىدىكى
ئېگىز خارابى تاملىرىدا ئوتلار ئۆسۈپ كەتكەن، بوش، زەي بىر
كوچىدىن ئۆتۈپ دات بېسىپ كەتكەن تۆمۈر ئىشىك ئارقىلىق
كىرگىلى بولاتتى، باغچىغا ھەر دائىم ئۆز سايىسىنى تاشلاپ
تۇرىدىغان ئېگىز دەرەخلەر ئارىسىدا ئويمىلىق قاپقاقلىرىنىڭ
بوياقلىرى ئۆچۈپ كەتكەن ئېگىز پەنجىرىسىنىڭ بىر قىسمى
پەردىسىز كونا بىنا ئىچىدە ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن سافالار،
رەڭلىك كىچىك ئەينەكلىرى سۇنۇپ كېتىپ ياغاچلىرىلا قالغان
ئىشكاپ، يان ياغاچلىرى ئاجراپ كەتكەن پەلەمپەيلەر...

زەھرا دائىم ئۆيدىن ئۆكسۈپ قالمايدىغان مېھمانلارنىڭ
بالىلىرى بىلەن ھويلىدا ئويناپتتى. ئۆگزىنىڭ بىر چېتىدىن
ئېقىپ چۈشكەن يامغۇر سۈيى بىلەن بىر قىسمى ئۆچۈپ كەت-
كەن، بىر قىسمى پارچە-پارچە قەغەزلەر ھالىتىدە ساڭگىلاپ
چۈشكەن سۇ بوياق رەسىملەر ھازىرغىچە كۆز ئالدىدا تۇراتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا ئائىلىسى... دېڭىزغا قاراپ ئېچىلىدىغان پەنجە-
رىنىڭ تۈۋىدە، كەڭ كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە بېشىغا يېشىل ياغلىق-
نى سېلىپ دائىم تىكىش تىكىپ، قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرىدىغان
مومىسى...

ئۇ نېمە دېگەن ياخشى، نېمە دېگەن پاكىز ئايال ئىدى-ھە!
... ئۇنىڭ دۇنيادا ئۆز بالىلىرىنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈ-

رۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئارزۇسى يوق ئىدى. لېكىن ئىلاج قانچە؟ قىزلىرى ئىنتايىن ئەخلاقسىز ئەرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشقانىدى. چوڭ قىزى رۇخسارنىڭ ئېرى سودىگەر ئىدى، ھال-ئوقىتى جايىدا بىر ئادەم بولغان بىلەن خوتۇنىغا قاتتىق زالىملىق قىلاتتى. بىرنەچچە قېتىم خوتۇنىنى چاچلىرىدىن تۇ-تۇپ يەرلەردە سۆرەپ يۇرۇپ ئۇرغانىدى. ئاخىرى بىر كېچىدە غەرق مەس كىرىپ بىچارە خوتۇنىنى تاپانچىسى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۇرۇپ قويغانىدى.

بۇ ئادەم 15 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپ ئاككا دېگەن تۈرمىگە ئەۋەتىلگەن، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەنىدى. زەھرا رۇخسارى ھامىمىسىنى كۆرمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىنى مومىسىنىڭ ئۆيىدە ئېسىقلىق تۇرغان رەسىمگە قاراپ بىلگەنىدى. ھەسرەتلىك ئانا قىزىنىڭ رەسىمگە قاراشقا چىدىمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۆيگە زادىلا كىرمەس بولۇۋالغانىدى. بىچارە رۇخسارى ھامىمىسىنىڭ قانداق دەردلەرنى تارتقانلىقىنى، قانداق ئۆلگەنلىكىنى مومىسىدىن ئاڭلىغانىدى. قىش كېچىلىرى-دە قايتا-قايتا سۆزلەپ بېرىلگەن بۇ پاجىئە قېرى موماي بىلەن نەۋرىسىنى سائەتلەپ يىغلىتاتتى. زەھرا ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باش-لاپ ئەر كىشىلەردىن قورقۇدىغان بولۇپ قالغانىدى. مومىسىغا مەڭگۈ توي قىلمايدىغانلىقىنى دەيتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەر كى-شىلەرنىڭ ھەممىسى زالىم ۋە قاتىل ئىدى. چوڭ بولۇپ ھاياتقا ئارىلاشقاندىن كېيىن ئەرلەر ئارىسىدىمۇ زىيانسىز ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئىشقىلىپ بۇرۇنقى چۈشەنچىسى ئېسىدىن چىقمايتتى. تۇرمۇشتا قورقماسلىق ھەققىدە كىچىكىدە

بەرگەن قارارىدا تېخىمۇ قاتتىق تۇراتتى. چاچلىرىدا بىرنەچچە تال ئاق، يۈزىدە ئۇششاق قورۇقلار بولغىنىغا قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ قارارىدىن يېنىۋېلىش ئۈچۈن ۋاقىتمۇ قالمىغانىدى. كېلە-چەكتە بىر قېرى قىز ھالىتىدە بەلكى بالىلار ئىچىدە ياكى تەتىل ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىپ قالسا ھېچكىم يوق بىر مەكتەپ ئۆيىدە ئۆلۈپ قېلىشى ھەم مۇمكىن ئىدى.

زەھرانىڭ رۇخسارى ھاممىسىدىن تۆت ياش كىچىك ئاپى-سىنىڭمۇ چىرايىغا كۆلكە يۈگۈرمىگەنىدى. ھەتتا ئۇ بىر جەھەت-تىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاچىسىدىنمۇ بەختسىز ھېسابلىناتتى. چۈنكى ياش چېغىدىلا بىر تاپانچا ئوقى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ھاممىسىنىڭ ئەكسىچە، ئاپىسى خېلى چوڭ يېشىغىچە سۆرۈلۈپ ياشىغانىدى.

زەھرا بۈگۈن ئاخشام ئاپىسىنى شۇ زامانلاردىكى ھالىتى بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ نېمە دېگەن خۇشال ۋە نېمە دېگەن ئوماق ئايال ئىدى-ھە! ئۇ شۇنچىلىك ياش كۆرۈنەتتىكى، ئاپىسى بىلەن قىزىنى بىر يەردە كۆرگەنلەر ئۇلارنى ئاچا-سىڭىل دەپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ئاپىسى ئىنتايىن ئىنە-چىكە ۋە سەل نېرۋا ئايال ئىدى. تېز خۇشاللىنىپ، تېز مەيۈس-لىنەتتى. ئۆزىنى چۈشىنىدىغان، ئۆز قەدرىنى بىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ قولىغا چۈشكەن بولسىدى، بەكمۇ ياخشى بىر ئائىلە ئانىسى بولاتتى. ئەتراپىدىكىلەرگە بەخت-سائادەت تارقاتقان بو-لاتتى. ئىلاجى قانچە، ئاللا ئۇنى لۈكچەك، پوخۇر، ھاراقكەش، قوپال بىر ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئېرى تاپقان-تەر-گەنلىرىنى تاماشا قىلىدىغان يەرلەرگە خەجلەيتتى. ئۆيگە يېرىم

كېچىدە قايتاتتى. ئۆرە تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە مەس كەلسىمۇ، شۇ سائەتتىن باشلاپ خوتۇنىغا مىڭ خىل زۇلۇم سېلىشنىڭ يولىنى تاپاتتى.

زەھرا بالىلىق چاغلىرىدا مومىسىنىڭ قوينىدا ئۇخلاۋاتقاندا ئاپىسىنىڭ داد-پەريادلىرى، ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى بىلەن ئويغىنىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەيتتى. بۇ خىل ئېچىنىشلىق ئاۋازلار تا ھازىرغىچە قۇلىقىدا ئىدى. مومىسى بىلەن كىچىك قىز ئورۇندا بىر-بىرىگە چاپلىشىپ يىغلاشتىن ۋە دۇئا قىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە قىلالمايتتى. كېچىنىڭ بىر قىسمىنى ئەنە شۇنداق پەريادلار ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن مەۋەددەت خانىم ئەتىسى ئەتىگەندە ئەڭ بەختلىك بىر ئايالدەك خۇشال ئويغۇناتتى. خۇددى يامغۇر ۋە بورانلىق كېچىلەردىن كېيىن كەلگەن چىرايلىق شەپەققە ئوخشايتتى. بىچارە ئايالنىڭ بىردىنبىر تەسەللىيسى كۈندۈزلىرى دائىم كېلىپ تۇرىدىغان مېھمانلار ئىدى. قوشنىلىرى بۇ خۇشال، نازۇك ۋە چاقچاقچى ياش ئايالنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشەتتى. قايغۇلۇق كۈنلىرىدە ئۆز قېرىنداشلىرىدەك ئېچىناتتى، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشەتتى. بولۇپمۇ مەسادەت ئىسىملىك خانىم مەۋەددەت ئۈچۈن ئىككىنچى بىر ئاچا ئىدى.

زەھرا ئۇنى ”مەسادەت ھامما“ دەيتتى. مەسادەت ھاممىسىنىڭ نەجىپ بەي دېگەن بىر ئىنىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى شۇنچىلىك كۆڭلى ياخشى، شۇنچىلىك نازۇك ۋە ئەدەپلىك ئادەملەر ئىدىكى. . . بۇ نازاكەتلىك ئائىلە ئۇلارغا كۆپ ياخشىلىق قىلغان. نەجىپ بەي ھورۇنلۇقى ۋە جېدەلخورلۇقى

سەۋەبىدىن ئىشتىن ھەيدەلگەن مۇرشىد ئەپەندىنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا مۇھىم بىر ئىش تېپىپ بەرگەنىدى. لېكىن مۇرشىد بەي ياردەم قىلغان قولنى چىشلەش قابىلىيىتى بىلەن يارىتىلغان بىر ئادەم ئىدى. بېشىنى سىلىغان ئادەمنى بىر كۈنى ئىش ئۈستىدە ئەڭ قاتتىق ھاقارەتلىگەن، ئۇندىن باشقا مەسادەت خانىمنىڭ ئۆيىگە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كىرىپ-چىقىشىلىرىنى چەكلىگەنىدى. باشقىلار بولسا ئۇلارنىڭ كوچىسىغا قەدەممۇ باسمىغان بولاتتى. بىراق مەسادەت ھاما بىلەن نەجىپ بەي دۇنيادا تەڭدىشى يوق ياخشى ئادەملەر ئىدى. مۇرشىد ئەپەندىنىڭ قاتتىق يولىيورۇقلىرى ۋە دەھشەتلىك تەھدىتلىرىگە قارىماستىن يەنىلا يوشۇرۇنچە ئۇلارنى كۆرگىلى كېلىپ تۇراتتى. زەھرا ئۇ چاغلاردا ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كىچىك بالا ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن ئائىلىسىنىڭ بۇ ئىككى دوستىنىڭ قەلبىدىكى ۋاپا ۋە شەپقەتنى بىرخىل ئىچكى تەبىئىي ھېسسىياتى بىلەن سەزگەنىدى، ئۇلارغا قورقۇمسىراپ يېقىنلىشاتتى. نەجىپ بەي ئۇنىڭ ئۆزىگە ھاقارەت قىلغان ئەخلاقسىز ئادەمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالماستىن، تىزلىرىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ئۆز بالىسىدەك ئەركىلىتىپ سۆيەتتى ۋە نەرسە-كېرەك ئەكىلىپ بېرەتتى. زەھرادىمۇ بارلىق بەختسىز بالىلاردەك ۋاقىتسىز بىر خىل سىقىلىش بار ئىدى. شۇ كىچىك يېشىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇ ئائىلىنى يوشۇرۇنچە يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى دادىسىدىن مۇھىم بىر سىرنى يوشۇرغاندەك يوشۇرۇش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

ئۆيدە مېھمان بولمىغان چاغلاردا ئاپىسى ئۆيگە كىرىۋېلىپ

سائەتلەپ ئۇد چالاتتى. زەھرانىڭ 11 ياشلىق فەرىخا ئىسىملىك بىر ئاچىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت ياشلار پەرق بولسىمۇ، بۇ ئاچا-سىڭىل بۇ پەرقنى ياخشى بىلمەيتتى. فەرىخا چوڭ ئادەمنى كىچىكلىتىپ قويغاندەك بىر قىز ئىدى، ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن كۆرە چوڭراق ياشتىكى قىزلارنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئويۇن ئويناشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ئەينەك، تاغاق، لېنتا، سۈرمە، بوياقتا ئوخشاش نەرسىلەر ئىدى. دالان ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا ئۇنىڭ مەخسۇس بىر يېرى بار ئىدى. ئۇ يەردە قىسقۇچ بىلەن چاچلىرىنى بۇدرە قىلىش، كۆزلىرىنى، كالپۇكلىرىنى بوياش، بېشىغا، بويىنىغا لېنتىلار-دىن ياسالغان گۈللەرنى تاقاش بىلەن سائەتلەپ مەشغۇل بولاتتى. ئۆزىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن كونا لۆم-لۆم ئورۇندۇقتا ئوڭ-دىسىغا يېتىۋېلىپ، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئاپىسىنىڭ ئۇد بىلەن چالغان مۇڭلۇق مۇزىكىسىغا ئەگە-شىپ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان ئىچ مىجەزلىك بىر قىز ئىدى. بىچارە قىز-نىڭ ياشاشقا، تاماشا قىلىشقا ھەۋىسى كۈچلۈك ئىدى. ھالبۇكى مۇرشىد ئەپەندى ئۇنى ھەممىلا ئىشىدىن مەھرۇم قىلاتتى. ئۆزد-نىڭ ھارىقىغا، تاماشىسىغا دونيانىڭ پۇلى كەتسىمۇ ئىچ ئاغرىت-مايتتى. بىراق ئۇنىڭغا بىر جۈپ پايپاق ئېلىش ئۈچۈن پۇل خەجلەشتىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى.

زەھرا ئاچىسىنىڭ پەرەنجىگە ئورالغان كۆننى زادىلا ئۇن-تۇمايتتى. مىڭ بىر جاپا بىلەن مومىسى سۆسۈن رەڭلىك ئىپەك پەرەنجىگە، بىر جۈپ پارقىراق توپلىيگە ئېرىشكەندى. بىچارە

قىز بۆلارنى كىيىپ ھەۋەس بىلەن بەيكوز دېگەن يەردىكى بىر
تۆغقىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىرنەچچە كۈن مېھمان بولۇپ كەل-
مەكچى بولدى. بىراق مۆرشىد ئەپەندى شۇ كۈنى يوق يەردىن
ئىش چىقىرىپ، يامغۇرنى باھانە قىلىپ ئۇنى يۈرتتىن قايتۇرۇپ
كەلدى. زەھرا يېڭى پەرەنجە ئىچىدە بىردىنلا بويى ئۆسۈپ، تال
چىۋىقتەك نازۇك بىر قىزغا ئايلىنىپ قالغان ئاچىسىنىڭ ئۆزىنى
تاشقىرىدىن ئۆيدىكى كارىۋاتقا قانداق ئاتقانلىقىنى، دۈم يېتىۋې-
لىپ قانچىلىك ئۆكسۈپ يىغلىغانلىقىنى يۈرەكلىرى پارە-پارە
بولۇپ ئەسلەيتتى. مۆرشىد ئەپەندى شۇ كۈندىن تارتىپ قىزد-
نىڭ كوچىغا چىقىشىنى مەنئى قىلغانىدى. بىچارە قىز ئۆيدە
زېرىكىپ، ئىچى سىقىلىپ سارالڭ بولايلا دەپ قالغانىدى. قوش-
نىلار ئۇنىڭغا ئېچىنىپ بەزىدە يوشۇرۇنچە سىرتقا ئېلىپ چىقد-
شاتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى يەنە شۇ قوشنىلار بىلەن ئادادىكى
بىر تويغا باردى. مۆرشىد ئەپەندى بۇنى ئاڭلايدىغان بولسا چوقۇم
پاجىئەلىك بىر ۋەقە تۇغدۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ كۈنى
كېچىدە زەھرانى ئانىسىنىڭ قوينىدىن ئېلىپ ئاچىسىنىڭ ئورند-
دا ياتقۇزۇپ قويۇشتى. مۆرشىد ئەپەندى بەزى چاغلاردا قىزىنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ قوياتتى. ئەگەر شۇ كېچىدە شۇنداق بىر ئىش
بولىدىغان بولسا، فەرىخانىڭ ئورنىنى بوش كۆرمەيتتى، زەھرا-
نى چوڭ قىزى دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى. زەھرا يالغۇز
يېتىپ ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا، يالغۇز يېتىشتىن قورقاتتى،
دادىسى بۇ ئۆيگە كىرىپ قالسا، ئۆزىنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ
بېشىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان، پەقەتلا ئاچىسىنىڭ چې-
چىغا ئوخشايدىغان چاچلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ قويغانىدى. بۇ

ئىشلارنى قىلىشنى ئۇنتۇغا ھېچكىم دېمىگەن، بەكلا كىچىك بولۇشىغا قارىماي بۇنى ئۆزى ئويلاپ تاپقانىدى. بىراق بۇ كىچىك بالا قورقۇپ يىغلىغاندا چىققان ئاۋازنى دادىسىنىڭ تۇيۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى.

ئۆز ئادىتى بويىچە ئۆيگە يېرىم كېچىدە كەلگەن مۇرشىد ئەپەندى مەسلىكىگە قارىماي بۇ ئاۋازنى سىزىپ قېلىپ ئۆيگە كىرگەنىدى.

—نېمە بولدى، نىمىشقا يىغلايسەن؟ بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

زەھرا بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەستىن، ھۆل بولۇپ كەتكەن يۈزىنى ياستۇققا يېقىپ ئۇخلىغاندەك بولۇۋالغانىدى.

بىر قول ئاستاغىنە يوتقاننى ئاچتى. . . مۇرىسىدىن ئىسسىق بىر نەپەسنى ھېس قىلدى.

*          *          *

زەھرا 20 يىللىق ئەسلىمىلەرنىڭ ئىچىگە شۇنچىلىك كىرىپ كەتكەن ئىدىكى، خۇددى شۇ ئىسسىق نەپەسنى ھازىرمۇ مۇرىسىدە ھېس قىلىۋاتقاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئەتراپىغا قارىدى.

ۋاگوندىكى ھېلىقى يېتىم بالا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى، پويىز تىك قىيالىقنىڭ ئىچىدە كېتىپ باراتتى. . .

مۇرشىد ئەپەندى شۇ كېچىدە ئۆزىنى بىلمىگەندەك دەرىجىدە مەست ئىدى. ھەتتا ئورۇندا ياتقان بالىنىڭ كىچىك قىزى زەھرا ئىكەنلىكىنى بايقىيالماستىن، يوتقاننى باشقىدىن تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ چىقىپ كەتكەنىدى.

زەئىپ، دەردمەن بىر قىزنىڭ ۋۇجۇدى دائىملىق زەربىگە قانچىلىك چىدىيالىشى مۇمكىن، فەرىخا تېخى 15 يېشىنى تولۇگەت- مەيلا ئۆيكە كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. زەھرا ئاچىسىنىڭ ئۆلگەن كۈنىنى هازىرقىدەك ئەسلەيتتى. مۇرشىد ئەپەندى شۇ كۈنى ھەر نېمە بولسا ئۆيدە ئىدى، دېڭىز بويىدىكى پورتتا قوللىرىنى يانچۇقلىرىغا سېلىپ ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭاتتى ۋە توختىماستىن تاماكا چېكەتتى.

چىرايلىق بىر ياز كۈنى ئىدى. ئىچىدە مۇزىكىلار ياڭراپ تۇرغان، ھەرخىل بايراقلار بىلەن بېزەلگەن بىر ساياھەت كېمە- سى ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى دېڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، زەھرا دوستلىرى بىلەن بىللە پىرىستاندا تۇرۇپ قول ياغلىقىنى پۇلاڭلاتتى. دېڭىز دولقۇنلىرى پىرىستان تاشلىرىغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان چاغدا يۇقىرىدا دەھشەتلىك بىر يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇرشىد ئەپەندى تاماكىسىنى چىشلىگىنىچە بېشىنى ئېگىز كۆتۈ- رۈپ، بۇ پەنجىرىلەرگە قارايتتى. كېيىن ئاستا-ئاستا ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. يۇقىرىدىكى ھويلىدا كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان بىرخىل كۆرۈنۈش پەيدا بولغانىدى. ئىچى سىيرىلىپ ساراڭ بولاي دېگەن موماي بىلەن ئاپا بۇ زالىم ئادەمگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى. دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن ”قاتىل، ئۇ قا- تىل“ دەپ داد-پەرياد قىلىشاتتى. ئاياللار بۇ ئادەمنى قىزىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان، دېگەن چۈشەنچە بىلەن قىزنىڭ جە- سىتى قويۇلغان ئۆيگە كىرگۈزمەيتتى. فەرىخانىڭ ئۆلۈمىدىن ئىككى ئاي كېيىن مۇرشىد ئەپەندى زەھرانى ئايدا بىر قېتىم ئۆيگە قايتىدىغان ياتاقلىق مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. مەقسىدى

زەھرانىڭ موممىسى بىلەن ئاپىسىنى پۇتۇنلەي يالغۇز قويۇش ئىدى. ئۇلارغا بۇخىل يامانلىقنى قىلىش ئۇچۇن ئۇز يانچۇقىدىن ئوقۇش پۇلى تۆلەشكىمۇ رازى بولغان. مۇرشىد ئەپەندى ئەنە شۇنداق يامان ئادەم ئىدى. كىچىك قىز خېلى ئۇزۇن زامان بۇ مەكتەپكە كۆنەلمىگەنىدى. كېچىلىرى قورقۇنۇچلۇق، سوغۇق ياتاقىدا موممىسىنى سېغىنىپ يىغلايتتى. قېرى موماي بىرنەچچە قېتىم ئۇنى كۆرۈشكە مەكتەپكە باردى، بىراق مۇدىر خانىم بىچارە موماينى ”دادىسىنىڭ بىزگە دېگەن گېپى بار، بۇ قىزنى ھېچكىم بىلەن كۆرەشتۇرەلمەيمىز“ دەپ قايتۇرۇۋەتتى. موماي مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى خارابىلىقتا ئايلىنىپ يۈرۈپ نەۋرىسىنىڭ پەنجىرىدىن قاراشلىرىنى كۈتەتتى.

زەھرا بۇ قىزلار مەكتىپىدە ئۈچ يېرىم يىل ئوقۇدى، سەل-پەل جاھىل، مەنمەنچى بولسىمۇ، ياخشى بىر ئوقۇغۇچى ئىدى. خانىملار ئۇنىڭغا بىر ئانىنىڭ مېھرىنى بېرەتتى. ئۇ يەردە زەھرانىڭ بىرنەچچە ياخشى دوستى بار ئىدى، ئىشقىلىپ بۇ يەردە بەختلىك ياشىغانىدى.

لېكىن ئۆيىدىن دائىم كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى. ئاپىسى خېلى ئۇزۇن كېسەل تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا موممىسى پالەچ بولۇپ قالدى، بىچارە موماي خېلى يىللار دوختۇرخانىدا سۆرۈلۈپ ياتتى. زەھرا قىزلار مەكتىپىدىن ئايرىلغاندا 15 ياشتا ئىدى. ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭغىدەك ھېچكىم يوق ئىدى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرى ئۆلۈپ كەتكەنىدى، دادىسى تۈرمىدە ئىدى. ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە ياكى بىر ئامال قىلىپ سۇكۇت ئىچىدە چىداشقا

مەجبۇر ئىدى. تاسادىپىي بىر ئەھۋال ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى چىقىرىلغاندى. زەھرا قولىدىكى قىزلار مەكتىپىدىن ئالغان بىر تونۇشتۇرۇش، سومكىسىدىكى كىتاب ۋە ساۋاقداشلىرى يادىكار قىلغان بىرنەچچە رەسىم بىلەنلا ئۆزى بۇ مەكتەپكە كىردى. زەھرا شۇ ياشتىلا قەتئىي ئىرادىلىك ۋە تەمكىن بىر قىز ئىدى. شۇ زامان ئىلتىماس يېزىپ ئىمتىھانغا قاتناشتى ۋە ئۆتتى. بۇ ياش قىزنىڭ دارىلمۇئەللىمىندىكى ھاياتىنى بىر سۆز بىلەن ئېپادىلىگەندە تىرشچانلىقتىن ئىبارەت بولدى. . . ئۇ كىتابلىرىدىن بېشىنى كۆتۈرمەيتتى، ھېچكىمگە يېقىنلاشمايتتى، شۇ ياشتىكى باللارغا خاس خۇشاللىق، خاپىلىق، شوخلۇقلاردىن ئەسەر يوق ئىدى. يېشى توختىغان ئادەملەردەك يۇرەتتى. قەلبى بارلىق سۆيگۈلەرگە، ئۈمىدلەرگە تاقاقلىق ئىدى.

دارىلمۇئەللىمىندىكى بەش يىللىق ھاياتىدا دادىسىدىن خەۋەرسىز ياشىدى دېيىشكە بولىدۇ. پەقەتلا دادىسىنىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، تەلۋىلەرچە مەست ھالىتىدە ئۇ يەر-بۇ يەردە كۆن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. دادىسى قىزىنى ئىزدەشتۈرۈپ، ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ مەكتەپكە كېلىپ قويمىدى. زەھرا دادىسىنى بىر قېتىم كوچىدا، يەنە بىر قېتىم مەكتەپ باللىرى بىلەن ساياھەتكە كېتىۋاتقىنىدا كۆرۈپ قالدى، كۆزلىرى ئۇچرىشىپمۇ قالدى. بىراق مۇرشىد ئەپەندى قاتتىق مەست ئىدى، پۇتلىرى ئالمىشىپ ماڭاتتى. ساقال-بۇرۇتلىرى، چاچلىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن، كىيىملىرى جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەنىدى. خىرە كۆزلىرى بىلەن قىزىغا

بىرلا قارىدى، بىراق تونۇيالمىدى. زەھرا شۇ چاغدا ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەنىدى.

ئەگەر ساراڭقېتىش بىر ئادەم ”قىزىم“ دەپ يېنىغا كەلگەن بولسا نېمە ئەھۋال يۈز بېرەتتى؟ بۇ مەكتەپتىكىلەر ئۇنى يېتىم بالا دەپ ھېسابلايتتى، زەھرا ئۆزىنى ئاتا-ئانىسىز بىر بالا دەپ تونۇشتۇرغانىدى. ئىنسانلىق غۇرۇرىغا ئىگە بىر ئادەم ئۇچۇن ئۆز ئائىلىسىنى ئىنكار قىلىشتىنمۇ ئەيىبلىك، نومۇسلۇق ئىشنىڭ يوقلۇقىنى ئۇ بىلەتتى. دادىسىنىڭ گۇناھى يالغۇز كەمبەغەللىك ۋە پەرىشانلىقتىن ئىبارەت بولسا ئۇنىڭدىن زادىلا خىجىل بولمايتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئىچىناتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى. لېكىن ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئادەم ئىدى.

زەھرا ئەسلىدە ياخشى كۆرۈش ۋە ئۆزىنى باشقىلارغا ياخشى كۆرسىتىش ئېھتىياجى بىلەن دۇنياغا كەلگەن بىر بالا ئىدى. كىچىك چېغىدا مۇشۇك بالىسىدەك ھەممىگە سۈركۈلۈپ يۈرەتتى. بىر دەقىقە ئۇنىڭ يۈزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراش، بېشىنى سىلاپ قويۇش ئۇنى ئەسىر قىلىۋالاتتى. ئەمما بۇ قابىلىيەت ئىنتايىن تېز يوقالغانىدى. دارىلمۇئەللىمىندىكىلەر ئۇنى ئىنتايىن تىرىشچان، ئىنتايىن مەغرۇر، بىراق تەرسا، سوغۇق قىز دەپ قارايتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن دوست بولالمىغانىدى. ھېچقانداق دوستلۇق ۋە ساۋاقداشلىق مېھرىدە تاشلانغان نەزەرلەر بىلەن ئۇچراشمىغان كۆزلىرى روھىنىڭ چۈشكۈنلۈكى ۋە ئەلەملىرىنى ئىنتايىن مۇھىم سىردەك ساقلىغانىدى.

مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن زەھرا ئىستانبۇلدىكى بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى بولغانىدى، بىراق ئۆزى بۇنى رەت

قىلدى ۋە ئاناتولىيەنىڭ ئارقىدا قالغان بىر ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلىنغان ساۋاقدىشى بىلەن كەتتى. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدا بەزى كېچىلىرى نامەلۇم يەرلەردە، يات ئىنسانلار ئىچىدە يوقاپ كەت-كەن باللارنى ھەۋەس بىلەن ئويلايتتى. بىر ھېسابتا ئۇلار نېمە دېگەن بەختلىك-ھە؟ ھېچكىم ئۇلارنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىل-مەيدۇ. ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ۋە گۇناھىنى يۈزىگە سالماي-دۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا خالىغان نىشانىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ.

زەھرا ×× شەھىرىگە كېلىشى بىلەن ئۆزىنى ئەنە شۇ يوقى-لىپ كەتكەن باللارغا ئوخشىتاتتى. يېڭى مەكتەپنى، يېڭى سەپداشلىرىنى، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى يات كۆرمىدى. ئەسلىدىمۇ ئىستانبۇلدا توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىككى يېقىن ئادىمىنىڭ خاتىرىسىدىن باشقا نېمىسى قالغانىدى؟ ھېچ قانداق كىشىسى يوق بىر ئادەمنىڭ يەر ئالماشتۇرۇشىنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بار دەيسىلەر؟ . . . زەھرا ×× شەھىرىدە بارلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن مەكتىپىگە ئاتىۋەتتى. ئاستا-ئاستا ئۆزىنى ئۇنۇتتى، باش-قىلار ئۇچۇنلا ئىشلەيدىغان بىرخىل ماشىنا ھالىتىگە كەلدى. تېتىك ۋە ئىرادىلىك ئىدى. ئۆزىنىڭ كۈچلۈك مەنتىقىسى بار ئىدى. دەسلەپكى كۈنلەردە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ئۇنى تەۋرىتەلمىدى. كىچىكىدىن تارتىپلا قاتتىق تۇرۇشقا ئادەتلەنگە-نىدى. ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلغان ئادەملەرگە ياخشى مۇئا-مىلە قىلاتتى. لېكىن قاراپ تۇرۇپ ھەقسىزلىق قىلغان، ئازار بەرگەن كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنى ئاجىز ھېس قىلمايتتى ۋە باش

ئەگمەيتتى، ئەكسىچە ئۇلارغا قارشى ئىنتايىن قاتتىق تۇراتتى. نەتىجىدە تېخى كىچىك بىر قىز بولۇشىغا قارىماستىن شەھەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ھەممە ئادەم ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى، ياخشىلار ياخشى كۆرەتتى، يامانلار ئۇنىڭدىن ئىنتايىن قورقاتتى. پەقەت ئۆز غەيرىتى ۋە دوستلۇقى بىلەن قازانغان بۇ ئۇتۇق ئۇنىڭغا چەكسىز غۇرۇر بېغىشلايتتى. ئۇ زەئىپلىك، ئاجىزلىقنىڭ ۋە ئىككىلىنىپ يۈرۈشنىڭ كېلىشـتۈرگىلى بولمايدىغان دۈشمىنى بولۇپ قالدى. ھەرقانداق ئىنسان غەيرەت قىلغاندىلا ئۆز ھاياتىنى ئۆزى خالىغان يولغا باشلاپ، ئۆزىنى ئىدارە قىلالايدۇ. يامانلارغا ، چۈشكۈنلەشكەنـلەرگە ئېچىنىش مەنىسىز بىر خىل بوشاڭلىقتۇر.

پويىز بىر بېكەتكە كېلىپ توختىدى. بۇ يەر قاراڭغۇ سەھـرادىكى كىچىككىنە بىر تاش بىنا ئىدى. ئىشىكىدە ئېسىقلىق پەنەرنىڭ سۇس يورۇقىدا بىرمۇنچە سايىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىـۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. يىراقتا سىناق قىلىنىۋاتقان بىر پويىز بېشى قىسقا-قىسقا گۈدۈك چالاتتى. يولنىڭ ئەتراپىدا پەنەر كۆتۈرگەن خىزمەتچىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى.

باياتىن كۆرگەنلىرى، پويىزنىڭ تەۋرىنىشلىرى زەھرانى ھارغۇزۇۋەتكەنىدى. قىسقا ۋاقىتلىق توختاش نېرۋىلىرىغا ئازراق بولسىمۇ ئارام بەردى. كېچىدىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان نەم سوغۇققا قارشى پەلتۇسىغا مەھكەم ئورۇنۇۋالدى، بېشىنى پەنجىرىنىڭ چېتىگە تىرىدى.

## Ⅲ

—بىر كۈن بالدۇر كېلىشكە تىرىشساڭ بولماسمىدى قىز-
زىم؟ رەھمەتلىك ۋاپاتىدىن 4.3 سائەت بۇرۇن ھوشىدىن كەت-
تى. ئىككىنچىلەپ كۆزىنى ئاچالمىدى. . . شۇ ھالەتتىمۇ ”زەھ-
را. . . زەھرا. . .“ دەپ ئىڭراشتىن توختىمىدى. . . بىزنىڭ
ئادەم: ”بىچارە قىينىلىپ كەتتى. جان تالىشىۋاتىدۇ، بىراق
جان تەسلىم قىلالمايۋاتىدۇ. . . شۇ قىزنىڭ بىرەر نەرسىسى
بولسا شۇنى بۇرنىغــا پۇراتــساق ئاسانــراق جان تەسلــىم قىلـ-
ـسا. . .“ دېدى. ساندۇقىنى ئاچتۇق، نەرسىلىرىگە قارىدۇق،
قولىمىزغا بىر لېنتا چىقتى. ”بۇ ئېھتىمال زەھرا خانىمنىڭ-
دۇر“ دېيىشتۇق. بىزنىڭ ئادەم: ”مۇرشىد ئەپەندى، مانا قارا،
قىزىڭنىڭ لېنتىسىنى تېپىپ چىقتۇق. پۇرىغىن، كۆڭلۈڭ ئا-
رام تاپار“ دەپ قولىقىغا ۋارقىرىدى. . . لېنتىنى يۈزىگە تەككۈز-
دۇق. مەنغۇ مۇنداق ئىشلارغا ئىشەنمەيتتىم. بىراق بۇ بىچارە
مۇشۇنى كۈتۈۋاتقاندەك جىم بولۇپ قالدى. . . بىر ئازدىن كې-
يىن نەپىسى توختىدى. جان ئۈزۈش ئالدىدا زادىلا ئازاب چەكمى-
دى قىزىم، ۋاي ئاللا، نېمە بولمىسۇن بىر كۈن بالدۇر كېلىش-
كە ئالدىرىغان بولساڭ. . . .

زەھرا ۋەخپى ئەپەندى دېگەن كىشى بىلەن ئەيۇپ سۇلتان
دېگەن جاينىڭ خارابە بىر مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.
ۋەخپى ئەپەندى پالەچ پۇتىنى ئاران سۆرەپ ماڭاتتى. بىردەم-
بىردەم ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇۋالاتتى. زەھرا قولىدىكى كىچىك
بىر سومكىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭاتتى. قاپىقى تۇرۇل-

گەن، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشقان هالەتتە لام-جىم دېمەستىن ما-
ڭاتتى. ۋەخپى ئەپەندى 70 ياشلارغا كىرگەن، ھەربىيلىكتىن
دەم ئېلىشقا چىققان بىر كاتىپ ئىدى. تەڭ دېمەتلىك خوتۇنى
بىلەن ئەيۇپ سۇلتاندىكى بىر ئۆيدە تۇراتتى. ۋەخپى ئەپەندى
بىلەن مۇرشىد ئەپەندى يىراق بىر تۇغقان ئىدى. زەھرانى ئىس-
تانبۇلغا چاقىرتقان مۇشۇ كىشى ئىدى. زەھرا ئەيۇپ سۇلتان
پورتىدا ۋەخپى ئەپەندىنىڭ ئۆيىنى قانداق تېپىشنى ئويلاپ تۇر-
غاندا ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدى.

كەچقۇرۇن ئىدى، بۇ بوۋاي زەھرانى تار، قاراڭغۇ، ئېگ-
ىز-پەس كوچىلار بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ كېتىۋېتىپ توختىماس-
تىن چۈشەندۈرەتتى.

—شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنى كۆرمىگەن ۋە خەۋىرىنى
ئالالمىغانىدىم. بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ۋەپا مەھەللى-
سىدىكى بىر كونا تونۇشۇمنىڭكىگە بېرىپ كېلىۋاتاتتىم. زەي-
رەك دوڭلۇكىدىن چۈشۈۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ
قالدىم. بېشى يالاڭباش، ئايىغى يالاڭغىداق ئىدى. ئەڭ غې-
رىپ-مىسكىن تىلەمچىلەرنىڭ تەقى-تۇرقىمۇ ئۇنچىلىك بول-
ماس. . . بەدىنى ئىسكىلىت ھالىتىدە بولۇپ، چاچلىرى ۋە سا-
قاللىرىدا بىر تال قارا يوق. يېنىغا كېلىپ: ”مۇرشىد، بۇ
سەنمۇ؟ بۇ نېمە ئىش، نېمە بولدۇڭ؟“ دېدىم، مېنى تونىدى،
ئاڭلىغۇسىز بوش ئاۋازدا: ”ئاغىرىقمەن، ئاۋازىم چىقماي-
دۇ. . .“ دېدى. سۆزلىرى بوغۇلۇپ چىقاتتى، كۆكسى
خىرقىرايتتى.

”قىلغانلىرىڭغا پۇشايمان قىلدىڭمۇ؟ ئاخىرى ئۆزۈڭنى مۇ-

شۇ كۆنگە قويدۇڭ-ھە!“ دېدىم. چىرايىمغا بىر قاراپ: ”مېنى
ئۆز مەيلىمگە قوي، يولۇڭغا ماڭ!“ دېدى. مەن ئالدىمغا مې-
ڭىشقا باشلىدىم. بىراق قەدەملىرىم ئارقىغا كېتىۋاتاتتى. ئۇنى
مۇشۇ ھالەتتە يول ئۈستىدە تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.
تۇغقان تۇرماق يات ئادەم بولسىمۇ بۇ ھالەتتە بىر بىچارىنى
تاشلاپ كەتكىلى بولامدۇ؟ . . .
ۋەخپى ئەپەندى بۇ سۆزلىرىنى زەھرانىڭ ئۆزىگە قىلغان
تەنە دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:
— بۇ قېرىلىق، جېنىم قىزىم، — دېدى، — ئادەم قېرىغان-
سېرى نېرۋىلىرى ئاجىزلىشىدۇ. بار-يوقنىڭ ھەممىسىگە ئارد-
لىشىۋالىدۇ. ئىشقىلىپ ئارقامغا ياندىم. مۇرشىد ئەپەندىنىڭ
قولىدىن تۇتۇپ ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭمۇ بىرنەچچە
كۈنلۈكلا ئۆمرى قالغانىدى. ”كوچىدا ئۆلۈپ قالمىسۇن!“ دې-
دىم. مەنمۇ، ئايالىممۇ كەمبەغەل ئادەملەردىن. . . ھەجگە بار-
غۇدەك، زاكات بەرگىدەك ھالىمىز بولمىغاندىن كېيىن. . .
مەيلى مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ ساۋابلىق ئىش قىلىپ قويايلى!
— دېدۇق.
ۋەخپى ئەپەندى ئۆيگە يېتىپ كەلگىچە توختىماستىن سۆز-
لەيتتى. زەھراغا دادىسىنىڭ ئاغرىق ئەھۋالىنى ۋە ئۆلۈمىنى
تەپسىلىي چۈشەندۈردى.
زەھرا مۇئەللىم ھېچ جاۋاب بەرمەستىن ئاڭلايتتى، بەزىدە
بېشىنى لىڭشىتىپلا قوياتتى.
ئۇلار جەسەتنى كۆمۈش ئۈچۈن قىزىنىڭ كېلىشىنى كۈتكە-
نىدى. ۋەخپى ئەپەندى شىپاڭلىرى كونىراپ كەتكەن ۋەيرانە بىر

ئۆيگە ئېلىپ كىردى. زەي پۇراپ كەتكەن دالان ئارقىلىق پاكار بىر سۇپىغا باشلىدى. بۇ يەردە رومالغا ئورۇنۇۋالغان ئىككى موماي ئولتۇراتتى. بىرى ۋەخپى ئەپەندىنىڭ ئايالى، يەنە بىرى جەسەتنى ساقلاۋاتقان قوشنا ئايال ئىدى...

مومايلار قايغۇلۇق چىرايلىرى بىلەن زەھرانى قارشى ئالدى. ۋەخپى ئەپەندىنىڭ ئايالى مۇئەللىمنىڭ مۈرىلىرىنى سىلىدى، قولىدىكى سومكىنى ئالدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورققاندەك تۆۋەن ئاۋازدا:

— ئەلەكمۇلىللا قىزىم، بېشىڭ ئامان بولسۇن! بۇ دۇنيانىڭ ھالى شۇنچىلىك...، — دېدى.

يەنە بىر موماي:

— دۇنيا، ۋاي دۇنيا!... بۇ كۈن ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كېلىدۇ، — دەپ ئاھ ئۇرۇپ قويدى.

ئىككى سەل ئېچىلىپ قالغان نېرىقى ئۆيدىن سۇس شام يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋەخپى ئەپەندى سەل تۇرۇۋېلىپ:

— قىزىم، رەھمەتلىكنى كۆرۈۋېلىشنى خالامسەن؟ — دېدى.

زەھرا پۈتۈن ھارغىنلىقنى مانا شۇ مىنۇتتا ھېس قىلىۋاتقاندەك مۈرىلىرى ئولتۇرۇشۇپ، بېشىنى بىر چەتكە قىيسايتقان ھالەتتە ئىشىككە خېلىغىچە قارىدى، كېيىن بىردىنلا ئۆزىگە كەلدى، چىرايى جىددىيلەشتى، ئەسەبىيلەرچە:

— ياق، ھاجىتى يوق! — دېدى.

زەھرانىڭ ھۆكۈرەپ بېرىپ ئىشىككە ئېتىلىشىنى كۈتكەن ئاياللار ھەيران قېلىشتى، ۋەخپى ئەپەندىنىڭ ئايالى ئۆز ئۆيىگە

باشلىدى، قوشنا موماي جايناماز سېلىپ بىرمۇنچە دۇئالارنى ئوقۇپ، جەسەتنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى.

* * *

ۋەخپى ئەپەندىنىڭ ئايالى زەھرانىڭ ھېرىپ-چارچاپ كېلى-دىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىسسىققىنە شورپا تەييارلاپ قويغانىدى. جىمجىتلىق ئىچىدە تاماقلارنى يېيىشتى. دالاندا كونا بىر سائەت چىكىلداپ تۇراتتى.

جەسەتنى ساقلاۋاتقان موماي ئۈنلۈك قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. زەھرادىكى بۇ خىل تەمكىنلىك ۋەخپى ئەپەندى ۋە ئايالىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. دەسلەپتە بۇ ھالەتنى ھارغىنلىق ۋە قورقۇنچ-تىن دەپ بىلگەنىدى. تاماقنىڭ ئاخىرىدا ئۇ زىل، جانلىق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىغاندا بوۋاي-مومايلار ھەيران قېلىشتى. ھەتتا ئۇنىڭغا ئىچىدە خاپا بولۇشتى. بىر يات ئادەم بولسىمۇ ئۆلۈك ياتقان ئۆيدە بۇنچىلىك بىخارامان، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا كۆرەلمەيتتى. ۋەخپى ئەپەندى يەنىلا گەپنى مۇرشىد ئەپەن-دىگە يۆتكىدى.

—زەھرا خانىم قىزىم، رەھمەتلىك دادىڭىزنىڭ بىر ياغاچ ساندۇقى ئىچىدە ئازراق بىرنېمىلىرى تۇرىدۇ، بۇ ساندۇق تو-نۇشلىرىنىڭ ئۆيىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان بولسا كېرەك، مەرھۇمە-نىڭ بىزنىڭ ئۆيدە ئاغرىق ياتقانلىقىنى بىلىپ بىزگە ئەكىلىپ بەردى، ھاياتىدىكى بىردىنبىر بالىسى سىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن بۇ سىزگە تەئەللۇق. . . مانا قىزىم، ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىڭ. . .

بوۋاي بىر پۇرۇچنىڭ ئۇچىغا باغلانغان داتلىشىپ كەتكەن

ئاچقۇچنى قىزغا ئۇزاتتى. زەھرا تېزلىكتە قولىنى تارتىۋالدى:
— ياق، ئالمايمەن، بۇ ئادەم بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق. . . مۇرشىد ئەپەندىنىڭ نەرسىلىرىنى ئەتىگەنلىككە مازارلىققا كېلىدىغان ئىسقاتچىلارغا بېرىڭ، ئەگەر قەرزلىرى بولسا، ئۇلارنى ئەلۋەتتە مەن تۆلەيمەن.
ۋەخپى ئەپەندى ئەندى ئۆزىنى تۇتالماي قالدى:
— ئۇنى نېمە ئۈچۈن دادام دېمەيسىز قىزىم. . . ؟ شۇ بىچارىنىڭ يەر يۈزىدە سىزدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. . .
زەھرا بۇ يەردە مۇنازىرىلىشىشنى خالىمىدى:
— تىلىمغا شۇنداق كېلىپ قالدى ئەپەندىم، — دېدى.
بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ۋەخپى ئەپەندى زەھرانىڭ جەسەتنىڭ يېنىغا كىرىشىنى يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلدى. مۇنداق قىلىش، ئۇنىڭ قارىشىچە مۇتلەق ئورۇندىلىشى شەرت بولغان بىر ۋەزىپە ئىدى. لېكىن مۇئەللىم بۇ قېتىم ئوچۇقلا رەت قىلدى:
— بولمايدۇ ئەپەندىم. . . بەلكىم مېنى يامان بالا دەپ ئەيىبلەرسىز، قانداق قىلاي، سىز يات ئادەم ئەمەسسىز. . . ئەھۋالىمىز سىزگە مەلۇم، ئاپامنى، قېرىندىشىمنى، مومامنى تۆرلۈك جاپا-مۇشەققەتتە ئۆلتۈرگەن، مېنى كىچىك يېشىمدىلا كوچىغا تاشلىۋەتكەن بۇ ئادەمنى قانداق قىلىپ دادام دېيىشىمگە ئۈندەيسىز؟
ۋەخپى ئەپەندى تىترەشكە باشلىدى:
— بۇلارنى بىلىمەن، بىراق نېمىلا بولمىسۇن ئۇ دادىڭىز-دە قىزىم. ئاللامۇ گۇناھكار بەندىلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئۆلۈكلەر-

دىن ئۆچ ئېلىنمايدۇ، شۇنداقمۇ قىزىم؟ بۇنى سىز بىزدىن ياخشى بىلىسىز، يەنە سىز شۇنىمۇ ياخشى بىلىسىزكى، مەن مۇسۇلمان ئادەممەن، يالغان سۆزلەشكە ئاللادىن قورقىمەن. . . جانابى ئاللا ھەققىدە قەسەم قىلىمەن، دادىڭىز "زەھرا، زەھرا. . ." دەپ ئىڭراپ جان ئۈزدى.

ۋەخپى ئەپەندى بىلەن ئايالى ئۆزلىرىنى تۇتالمىدى، بۇ قىزنىڭ يۈرىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى، بىراق بۇ قىزنىڭ قاراڭغۇ بىر ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان كۆزلىرى ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرمەيتتى. تۇرۇلگەن چىرايى زادىلا ئېچىلمايتتى.

*　　*　　*

تۆۋەندىكى مېھمانخانىغا زەھرا ئۈچۈن پاكىز ئورۇن سېلىندى. مۇئەللىم قىز ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنىدى. بىراق جىددىيلىكتىن بولسا كېرەك، زادىلا ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇخلىماسلىقى كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتى. بېشىدا بىر تۆمۈر قاماق، قۇلاقلىرىدا بىرخىل زىڭىلداش بار ئىدى. ئۇنى تىك تۇتۇۋاتقان كۈچ توختىماستىن غەيرەتلىك ئىشلەۋاتقان مېڭىسىدىكى ئاجايىپ بىر سەزگۈرلۈك ئىدى.

ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆزىنى قويۇۋەتسە، بۇ سوغۇق مەنتىق ئۆچۈپ كېتەتتى. ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغان خاتىرىلەر چۈشلەر ئىچىدە بوغۇلۇپ قالاتتى. پالەچ ئادەم ھالىتىگە چۈشەتتى. مۇرشىد ئەپەندىنىڭ ساندۇقىنى ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ قويغان، ئاچقۇچنى زەھراغا بەرگەنىدى.

مۇئەللىم سەل بۇرۇن بۇ ساندۇققا قول تەگكۈزمەسلىكنى

ئېيتقانىدى، ھازىر بۇ ساندۇقنى ئېچىش ئۇچۇن چىداپ تۇرغۇ-
سىز بىرخىل قىزىقىش ھېس قىلىۋاتاتتى.

ئىشكنى تاقىدى، ساندۇقنى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ
كېلىپ ئاچتى. ساندۇقتا ئەسكى-تۇسكى كىيىملەر، يامالغان
پايپاقلار، يىرتىق بىر جايناماز، داتلاشقان بىر قايچا ۋە بىرنەچچە
كىتاب بار ئىدى. ئەڭ تېگىدىكى سەدەپ بىلەن بېزەلگەن بىر
قۇتا ئۇنى قىزىقتۇردى. بۇ قۇتا قۇلۇپلاقلىق ئىدى. زەھرا
قايچىنىڭ ئۇچى بىلەن قۇلۇپنى ئاچتى، قۇتىدىكى نەرسىلەرنى
تەكشۈرۈشكە باشلىدى. رەڭلىك پۈرۈچلار، ئۆچۈپ كەتكەن فو-
تو سۈرەتلەر، لېنتا بىلەن باغلانغان بىر تۇتام چاچ، سارغىيىپ
كەتكەن بىر ھەربىي مەكتەپ دىپلومى... بىر توپ سوت ھۆج-
جەتلىرى ۋە بىر دەپتەر...

زەھرا سەللا بۇرۇنقى ساددىلىقىغا ئاچچىق-ئاچچىق كۈلۈم-
سىرىدى: مۇرشىد ئەپەندىدەك بىر تەلۋىدىن ئىشقا يارىغۇدەك
بىرەر نەرسىنىڭ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىش نېمىدېگەن ساراڭ-
لىق-ھە! مۇنداق ئادەمنىڭ ئۇنداق نەرسىسى بولىدىغان بولسا،
دەرھال سېتىپ پۇلىنى قاۋاقخانىغا خەجلىمەسمىدى؟ زەھرا دەپ-
تەرنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى ۋاراقلىدى. دەپتەرنىڭ ئاخىرلىرىدا
قالايمىقان يېزىلغان خەتلەر، رەقەملەر، ۋاقىتلار، ئادرېسلار بار
ئىدى. بۇلاردىن بىر مەستنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا يېزىل-
غانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن دەپتەرنىڭ باشلىرىدىكى بەت-
لەرگە يېزىلغانلار خېلىلا چىرايلىق ئىدى. بولۇپمۇ بىرىنچى
بەتتىكى خەتلەر ئاجايىپ ئىدى. ماي بوياق بىلەن سىزىلغان بىر
گۈلنىڭ رەسمى ئىچىگە نەپىس، چىرايلىق خەت بىلەن ”خاتىرە

دەپتىرىم“ دەپ يېزىلغان.

زەھــرا يەڭــە بايىقى ئاچچــىق كۆلكىسى بىلەن بېشىنى چايقىدى:

—خاتىرە دەپتىرى. . . توۋا قىلدىم، ئاجايىپ بىر ئىش، ئۆمرىدە قىلغان بارلىق يامانلىقلىرىنى بۇ كىچىككىنە بىر دەپ‍ تەرگە قانداقمۇ سىغدۇرغاندۇ؟ نەرسىلەرنى كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزى يەرگە ئولتۇردى. ئاغرىۋاتقان چېكىلىرىنى ئالقان‍ لىرىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ خاتىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

IV

خاتىرە دەپتىرىم

25-ئاۋغۇست، 13 . . .

بۈگۈن دىپلومنى ئالدىم. نېمىدېگەن بەخت! مەملىكەتنىڭ ساناقلىق ئادەملىرى قاتارىغا كىرىپ قاپتىمەن. يېقىندا ياخشى بىر خىزمەتكە تەيىنلىنىمەن. بۇ ھەقتە ئېنىق بىر خەۋەر ئال‍ دىم. كەمبەغەللىك، مەجبۇرىيەت ئىچىدە ئۇيقۇسىز ۋە ئاچ ئۆتكۈزگەن كېچىلەرگە خەير-خوش. . .

ئەمدى نازارەتتىكى بىچارە بويتاقلار ياتىقىنىڭ ئالدىدىنمۇ ئۆتمەسمەن. . . مېنىڭ بىلەن بىللە دىپلوم ئالغان ساۋاقداشلى‍ رىمنىڭ ئىچىدە كېلەچەكتىن شۈبھىلىنىدىغانلارمۇ بار. . . ”ئە‍ جىبا خالىغىنىمىزدەك بەختكە ئېرىشەلەمىزمۇ؟ ئويلىغانلىرى‍ مىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىزمۇ؟“ دېيىشەتتى. ئۇلار قورقۇشۇۋا‍ تىدۇ، ئويلىشىۋاتىدۇ. . . مەن ھېچكىمنىڭ پىكرىگە ئارىلاشماي‍

مەن. ئۆزۈم ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن مەمنۇنمەن، مەن ياش-
مەن، تىرىشچانمەن، سالامەتلىكىم ياخشى. كۆزلىرىم بەك ئې-
گىزلەردىمۇ ئەمەس. مىجەزىم بەك ياخشى، ھەممىگە ماسلىشالا-
يمەن، بەك ئىنچىكە، ئېرۋا ۋە ئاچكۆزلەردىن ئەمەسمەن. غايەم
نومۇسچان، غەيرەتلىك بىر خىزمەتچى بولۇش ۋە كىچىك، پاكىز
بىر ئائىلە قۇرۇشتىن ئىبارەت. . . كۈندە 12 سائەت دەم ئالماس-
تىن ئىشلىيەلەيمەن. شۇنداق تىرىشىپ ئىشلەش ئارزۇيۇمنىڭ
چېكى يوق. . . شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن ئىنتايىن كىچىك
پېئىلمەن. مۇنداق بىر ياشنىڭ بەختلىك بولماسلىقى مۇمكىن-
مۇ؟ ئەمما بۇ بەخت پۈتۈنلەي ئىچىمگە سىڭىپ كېتىدۇ دېسەم
يالغان بولىدۇ. قەلبىمدە بىر يوشۇرۇن تۈگۈن بار. ئاپامنى
ئويلايمەن، بىچارە ئايال! شۇنچىلىك ئالدىراپ كەتكىنى نېمە-
سى؟ بىرنەچچە يىل چىشىڭنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرەلمەسمى-
دىڭ؟ بۈگۈنكى كۈندە ھايات بولغان بولساڭ ئىدى، ئوغلۇڭنىڭ
ئۇتۇقلىرىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن بولساڭ قانداق ياخشى
بولاتتى!

ئاپام مېنى ئوقۇتۇپ ئادەم قىلىش ئۈچۈن كۆپ يىللار ھەر
خىل يوقسۇزلۇقلارغا بەرداشلىق بەردى، ياماق يامىدى، بويتاق-
لارنىڭ كىيىملىرىنى يۇيدى، ھەر خىل ھاقارەتلەرگە ئۇچرىدى.
ھەممىگە سەۋر قىلدى. ”مۇرشىد، ئىنشائاللا بىر كۈنى ئادەم
بولىسەن، قولۇڭ بىر پارچە نانغا ئىگە بولىدۇ. غېرىپ ئاپاڭغا
ئۆيۈڭنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ئورۇن بېرەرسەن. داداڭ مېنى كول-
دۇرەلمىدى، ئىنشائاللا، سەن كۈلدۈرەرسەن. شۇ چاغدا تارتقان
جەبرى-جاپالىرىمنى ئۇنتۇپ كېتىمەن“ دەيتتى. شۇ بىچارە ئا-

پامىنىڭ كۈتكەن كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. بىراق ئىلاج قانچە؟ ئۆزى بۇ كۈنلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. مىڭ بىر جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئېرىپ تۈگەپ كەتتى.

ئاپامنىڭ خاتىرىسى يالغۇز بۇگۈن ئەمەس، ھەر ۋاقىت ماڭا تەسىر كۆرسىتىدۇ. . . قاچانكى بالا-چاقام بىلەن ئىسسىق بىر ئۆيدە چىرايلىق داستىخانغا كېلىپ تاماق يېسەم، ئۇنىڭ سوغۇق ئاشخانىلاردا ئۆرە تۇرۇپلا پىياز بىلەن نان يەۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. يېمەكلىكلەر بوغۇزۇمغا تىقىلىپ قالىدۇ. شۇنداق، دۇنيادا تولۇق بەخت بولمايدۇ. شۇ پارقىراپ تۇرغان دېپلومنى بىچارە ئاپامنىڭ كىرنى تولا يۇيۇپ يېرىلىپ، ئىششىپ كەتكەن ئاجىز قوللىرىغا بېرەلىگەن بولسام نېمە بولاتتى!؟

سېنتەبىر . . .

سىۋاس ۋىلايىتىگە رەسمىي خىزمەتچى بولۇپ تەيىنلەندىم، ئەتە ماڭىماقچىمەن. ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە تۇنجى بولۇپ خىزمەتكە تەيىنلەنگىنى مەن ئىدىم. ئەمما بۇنىڭ بىلەن بەكلا ئىپتىخارلىنىپ كېتىش توغرا ئەمەس. بۇنىڭدىن 15 كۈن بۇرۇن مېنى ئىچكى ئىشلار نازارىتىدىن چاقىرىشتى. سىۋاس ۋىلايىتىدىكى بىر نازارەتچىنىڭ ئىش باشقۇرۇش خادىمى بولۇپ ئىشلەش تەكلىپىنى بېرىشتى. ئومۇمىي ئىشلار مۇدىرى: "نازىر پاشا ھەزرەتلىرى سىزگە ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا سىزنى ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە ئەڭ ياراملىق ئوقۇغۇچى دەپ تونۇشتۇردى. بۇ خىزمەت ئورنىنى سىزگە مۇناسىپ كۆرۈشتى. ئىنشائاللا، پات ئارىدا ئورنىڭىز چوقۇم ئۆسىدۇ" دېدى.

دىپلوم ئېلىپ ئىككى ئاي بولماي تۇرۇپلا تۇرمۇش جەھەتتە خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالدىم، مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان كۈنۈم شۇنداق ئويلىغانىدىم: ھەرقانداق بىر ئىدارىغا بارسام، ئومۇمىي ئىشلار مۇدىرىغا پارقىراپ تۇرغان دىپلومۇمنى كۆرسەتسەم مۇدىرنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ، ”مەرھەمەت ئەپەندىم“ دەپ، دەرھال تۆردىن ماڭا ئورۇن كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، ھەممە ئىش جايىدا بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۆيدىكى گەپ بازارغا توغرا كەلمىدى. مەن بۇ ئىككى ئاينى نازارەتنىڭ كارىدورلىرىدا، ئىشىك تۈۋىدە ئىش تىلەمچىلىكى بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئاخىرى شۇ تونۇشقا كەلدىم: رەسمىي خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئۈچۈن يالغۇز دىپلوم ئەسقاتمايدىكەن. دىپلوم بىلەن بىللە تونۇشتۇرۇش خەتلىرى، سوۋغا-سالاملارمۇ كېرەك ئىكەن. مېنى تەيىنلىگەن خىزمەت نازىر پاشا ھەزرەتلىرىنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ، ئىشىنىپ بەرگەن خىزمەت ئەمەسلىكىنى، ئەندى ھېچكىمنىڭ سىۋاستا مېنىڭ ئىزدەك-سورۇغۇمنى قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك قىياپەتتە رەھمەت ئېيتتىم. چۈنكى مېنىڭ ھېچنېمەم يوق ئىدى. يەنە ساقلاپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالمايتتىم. بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلمىسام، بىرەر ھەپتىگىچە مائاشىمنى ئالالمىسام ئاچ قېلىشىمنى بىلەتتىم.

ساۋاقداشلىرىمدىن بەزىلىرى ئىستانبۇلدا قېلىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ مىڭ بىر يەرگە دوقۇرۇپ يۈرەتتى. مەن ئۇنداق پىكىردە ئەمەسمەن. ئىستانبۇلدا مېنىڭ نېمەم بار؟ بەزىلىرى بولسا ئىزمىر، بۇرساغا ئوخشاش يېقىن ۋە ئاۋات ۋىلايەتلەرگە بېرىشنى خالايتتى. مېنىڭچە بۇنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق. چوڭ

شەھەرلەر ئادەمنى ئاۋارە قىلىدۇ، تاماشا قىلىدىغان، سەيلە قىلىدىغان، ئويۇن كۆرىدىغان يېرى يوق كىچىك ناھىيىلەردە ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. مەن ھازىرغىچە بارلىق خۇشاللىقنى ئىشلەشتىن تاپقان بىر ياشمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. تىرىشچان ۋە نومۇسچان خىزمەتچى بولىمەن. يۇقىرى ئۆرلىسەم بەك ياخشى، ئۆرلىيەلمىسەممۇ ھازىرقى مائاشىم قانداقلا بولمىسۇن ماڭا يېتىدۇ.

قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆسكەن، ئاياللارچە بىر پۇلغا زار يۈرىدىغان ماڭا ئوخشاش ئادەم ئۇچۇن نازىر خىزمەتچىسىنىڭ مائاشى نازىرنىڭ مائاشىدەك بىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن مەن چوقۇم بەختلىك بولالايمەن. خەير-خوش ئىستانبۇل، سالامەت بول، ئامان بول، پەقەتلا مەندىن يىراق بول!

25-سېنتەبىر.

تۈنۈگۈن ئاخشام سىۋاسقا كەلدىم، بۈگۈن ئىشقا چۈشتۈم. تۇرىدىغان، ياتىدىغان يېرىم تېخى ئېنىق ئەمەس. يولنىڭ ئازابىدىن بولسا كېرەك، ئاغرىپ قالدىم. مەن چۈشكەن سارايىنىڭ ئۆيىدە تۈنۈگۈن ئاخشام تاڭ ئاتقىچە قىزىپ چىقتىم. شۇنىڭغا قارىماستىن بۈگۈن تاڭ سەھەردە تۇرۇپ خىزمەتكە كەلدىم. مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا بىرى بولغان بولسا، ئىشلەيدىغان بولۇمدىن، پەنجىرىدىن كۆرۈنىدىغان مەنزىرىلەردىن، ئەتراپتىكى ئىنسانلاردىن ياتسىرىغان بولاتتى. خېلى زامانغىچە بۇ ئىشلارغا كۆنەلمەستىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، بەختسىزلىك ھېس قىلغان بولاتتى.

مەن ئەكسىچە، بىشىمدىكى قالايمىقانچىلىقا، بەدىنىمدىكى ئاغرىقا، ئاغزىمدىكى ئاچچىقا قارىماستىن بەكلا رازى ۋە بەختـ لىك ئىدىم. بۇ كىچىك ئۇستەل مىنىڭ، مەن بۇ ئۇستەلگە پالانىنىڭ ئىلتىپاتى، پۇستانىنىڭ ياردىمى ۋە پوكۇنىنىڭ تونۇشـ تۇرۇشى بىلەن ئولتۇرمىدىم. دۆلەت بۇ ئورۇننى پەقەتلا ئۆز ئەمگىكىمنىڭ مۇكاپاتى ئورنىدا ماڭا بەردى. بۇ تۆۋەن خىزمەتنى مەن باشقىلارغا ئوخشاش ياراتماسلىق ئەمەس، ئەكسىچە ئىنتايىن يۇقىرى ھىساپلاش ھىسسىياتىدىمەن. بۇ كىچىك ئۇستەل پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان چوڭ ماشىـ نىنىڭ بىر پارچىسى، بۇ ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ قىلىدىغان ئىش قانچىلىك ئەھمىيەتسىز بولسا بولسۇن، بارلىق ئىشلارغا تەسىر قىلىدۇ. بارلىق ئاۋازلارنىڭ تاغلاردىن يانغان ئەكس سادا بىلەن كىچىككىنە تىترىشىدە بىرەر پايدىسى بولسا، مىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىشىمنىڭمۇ بۇ ئۇلۇغ دەردمەن مىللەتنىڭ بەخت-سائادىتىدە شۇنداق بىر پايدىسى بولىدۇ. بۇنى مەن ھەر دائىم مۇشۇنداق چۈشىنىشكە ۋە شۇنىڭغا قاراپ ئىشلەشكە بەل باغلىدىم.

كىچىكىمدە ئىنتايىن مۆمىن بىر بالا ئىدىم. ئىستانبۇلدىـ كى چوڭ مەسچىتلەرگە باراتتىم. ھەيۋەتلىك مىھراپلار ئالدىدا يۈرىكىمنىڭ ئىتائەتلىك سوقۇشلىرى، كۆزلىرىمنىڭ ھاياجانلىق ياشلىرى بىلەن دۇئا قىلاتتىم.

ھازىر ئالدىمدا تۇرغان بۇ كىچىك خىزمەت ئۇستىلى مىنى ئەينى ھاياجان ۋە ئىتائەت بىلەن تىترەتمەكتە، كۆزلىرىمنى ياشقا تولدۇرماقتا. مەسچىتلەردە ئۆزۈمنى ئاللانىڭ ھەيۋەتلىك كۆزلىرى ئالدىدا ھىس قىلاتتىم. بۇ يەردە بولسا ئۇلۇغ مىللەت

ماڭا ئېسىل ۋە مەزلۇم چىراي بىلەن قاراۋاتقاندەك، نەم كۆزلىرى بىلەن مەندىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىمەن ۋە مېنى بۇرۇنقىدىن بەكرەك قاتتىق ھاياجان بىلەن تىترەتمەكتە.

دىپلوم ئالغان كۈنىمىز بىز دۆلەت ۋە مىللەتكە ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىش قەسىمى بەرگەنىدۇق. بۇ قەسەمنى بۇ كىچىك ئۈستەلگە قاراپ تۇرغان نەم كۆزلىرىم بىلەن يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم. ئۆلگىچە ئۇنىڭغا قۇل بولىمەن. ھېچ قاندىداق بىر كۈچ مېنى يولۇمدىن ياندۇرالمايدۇ.

ئۆز ئۆيۈمدىكى تۇنجى ئاخشام. . .

بىر سەپدىشىمنىڭ ياردىمى بىلەن قېرى، قارانچۇقسىز بىر ئەرمەن ئائىلىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالدىم. نەرسە كېرەكلىرىمنى بىر ئىشكاپقا سالدىم. كىتابلىرىمنى قىزىل قەغەزلەر بىلەن بېزەلگەن بىر تەكچىگە تىزدىم.

كۈندۈزى ئۆز ئۈستىلىمدە ئولتۇرۇپ ئىشلىگەنىدىم، سەل تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا يېتىپ ئۇخلايمەن. . .

ئۆيدە چاك كەتكەن يۇمۇلاق بىر مەرمەر ئۈستەل بار ئىدى. ئۈستەل ئۈستىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى (بىر ئاز ئاۋۋال زور ئىشتىھا بىلەن يېگەن ئۆز نېنىمنىڭ ئۇۋاقلىرى) تازىلىدىم. جەينەكلىرىمنى بىر ئۈستەلنىڭ چېتىگە تىرەپ، بېشىمنى ئالقانلىرىمنىڭ ئىچىگە ئېلىپ ئالدىمدىكى كىرسىن لامپىنىڭ سۇس يورۇقىغا قاراپ ئويلايمەن: "دىپلوم ئالغان كۈنۈمنى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ چىرايلىق كۈنۈم" دېگەنىدىم، خاتالىشىپتىمەن. ئەسلىدە مەن بۈگۈنلا دۇنياغا كەلدىم. بۈگۈندىن باشلاپ ئىنسان بولۇپ

ياشاشقا باشلايمەن. هازىرغىچە مەن ئاجىز بىر بالا ئىدىم. تەقدى-رىم باشقىلارنىڭ قولىدا ئىدى. مېنى باشقىلارنىڭ شەپقىتى، ياردىمى ياكى خاھىشى ۋە ھەۋىسى ئىدارە قىلاتتى. ھالبۇكى بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۆز ئىرادەمگە ئۆزۈم ئىگە بولۇمەن. ياخ-شى-يامان، بەختلىك-بەختسىز بولۇشنىڭ ھەممىسى ئۆز قولۇمدا...

بۇ يېڭىدىن باشلانغان ھايات ئالدىدا بىر پىلان تۈزدۈم، ياشاش پرىنسىپلىرىمنى، ئۆز قارارلىرىمنى ئالدىمدىكى ئۇستەل-نىڭ چاك كەتكەن مەرمەر تېشىغا قارا قەلەم بىلەن بىردىن-بىر-دىن يازدىم:

1. ۋىجدانىمنىڭ ئاۋازىنى ھەر دائىم ئاڭلايمەن.
2. ھېچ قاچان قانۇندىن سىرت ئىش قىلمايمەن.
3. كەسپداشلىرىم بىلەن ياخشى ئۆتىمەن.
4. يالغان سۆزلىمەيمەن.
5. پارا يېمەيمەن.
6. يالغۇز خىزمىتىمدىلا ئەمەس، خۇسۇسىي ھاياتىمدىمۇ ھەرقاچان ۋىجدانىم بىلەن ياشايمەن.
7. ئۆز ۋەزىپەمنى كۈتكەندىنمۇ ياخشى ئورۇنلايمەن.

غەيرەت بىلەن ئىشلەش، راستچىللىق، قەتئىي ئىرادىلىك بولۇش نەتىجىسىدە يۇقىرى ئۆرلىسەم خۇشال بولىمەن، بىراق تۆۋەن ئورۇندا قالسام خاپا بولمايمەن. ھەتتا راستچىللىقىمدىن زىيان تارتساممۇ ئۈمىدسىزلەنمەيمەن.

ماددىلار كۆپىيىپ باراتتى، ئۈستەلنىڭ چاك كەتكەن مەر-مەر تېشى خەتلەر بىلەن تولغاندى (دەپتەرنىڭ مۇشۇ يېرىدە

يىرتىلىپ كەتكەن بىرنەچچە ۋاراق بار ئىدى. زەھرا ئۇلارنى تاشلاپ ئوقۇشقا باشلىدى).

2. ئۆكتەبىر.

بۇ ئۆينى ماڭا تېپىپ بەرگەن سەپدىشىم مالىيە كاتىپلىرىدىن تاھىر ئەپەندى ئىدى. بۈگۈن ئاخشام ئۇ مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. خوي-پەيلىنى، ئەخلاقىنى ياخشى بىلمەيدىغان تونۇشلاردىن دائىم يىراق يۈرەتتىم. شۇنداق بولسىمۇ تاھىر ئەپەندىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىمىدىم. كەچقۇرۇن ئۆيۈمگە يېقىنلا بىر يەردىكى ئۆيگە باردىم. تاھىر ئەپەندى مېنىڭ شەرىپىم ئۈچۈن باشقا دوستلىرىنىمۇ چاقىرغان ئىكەن: مائارىپ نازارىتى باش كاتىپى، ۋەخپىلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى، مالىيە ئىدارىسىدىن ئىككى خىزمەتچى. . .

پاكارغىنە، تور پەردىلەر تارتىلغان بىر ئۆيگە شاراب ئۈستىلى تەييارلانغانىدى. مەن هاراق-شاراب ئىچمەيمەن. ئىچمەسلىك ئۈچۈن بەرگەن ۋەدەم بار. ئەمما بۈگۈن ھەممەيلەن ماڭا يالۋۇرغاندەك زورلاپ تۇرۇۋېلىشتى. قاتتىق تۇرۇۋالسام خۇشاللىقلىرىغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بىر-ئىككى قەدەھ ئىچتىم. مەيلى بۇ زەھەر ئەمەسقۇ؟ بۇندىن كېيىن مۇنداق ئولتۇرۇشلارغا زادى بارمىسام بولغىدەك.

ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى گەپدان ئادەم—مائارىپ نازارىتىنىڭ باش كاتىپى شۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، مۇشۇنداق يەرلەردە هاراق ئىچمىسەڭ قانداق بولىدۇ، كۆڭۈللەرنىڭ كىرىنى تازىلاش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوق. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن بۇ شەھەر ئاجايىپ چوڭ

بىر قەبرىستانلىقتا ئايلىنىدۇ، يۈرەكلەرگە ھەسرەت چۆكىدۇ. ئادەم يوق ھايۋانلىرىدەك تىنماستىن ئىشلىيەلمەيدىغۇ، ئازراق بولسىمۇ مېڭىش، دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈلنى خۇشال قىلىشنى خالايدۇ. بۇ قەبرىستانلىقتا نەگىمۇ بارسەن؟ بۆلارمۇ بولمىسا ئۆلۈكلەردىن پەرقىمىز قالمايدۇ.

مائارىپ نازارىتىنىڭ كاتىپى قولىدىكى كىچىك قەدەھنى لامپىنىڭ يورۇقىغا تۇتۇپ قارايتتى. ئەلەم بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى.

— ئائىلىڭىز، بالىلىرىڭىز يوقمۇ ئەپەندىم؟ كېچىلىرى ئۇلار بىلەن بىرگە بولمامسىز ئەپەندىم؟ — دەپ سورىدىم.

مەن خۇددى بالىلارچە گەپ قىلىپ قويغاندەك ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. مائارىپ نازارىتىنىڭ كاتىپى قولىدىكى قەدەھنى يەنىلا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ماڭا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— رەنجىپ قالما، ئەمما سەن نادان بالىسەن. . . دۇنيانىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى بىلمەيسەن، بۇ بولمىسا ئادەم يا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ، يا ئۆلۈپ كېتىدۇ. . . ياشاش ئۈچۈن يا بىلمەيدىغان ھايۋان، ياكى ياشاش ھەۋىسىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان كۆزى ئېتىك بىر ئادەم بولۇش كېرەك، مەن ئىنتايىن كۆپ ئىچىمەن. بۈگۈن ئاخشام ئەڭ ئاز دېگەندە يىگىرمە قەدەھ ئىچىمەن. . . ماڭا قارا، ياخشى ئاڭلا، ھەممىسىنىڭ ھېسابىنى بىر-بىرلەپ بېرەي. بۈگۈن ئىدارىدا بىرنەچچە يولسىز ئىشلار بولدى. ئەتىگەندە نازىر ۋالىي پاشا بىلەن ئېيتىشىپ قاپتۇ. ئۇ غەزەپ بىلەن كاتىبات ئىشخانىسىغا كىردى. قول ئاستىمدىكى

خىزمەتچىلەرنىڭ ئالدىدا مېنى ھاقارەتلىدى. ئىلاجىمىز قانچە، بوينۇمنى ئەگدىم. . .

باشقا نېمە قىلالايتتىم، يا يەر تېگىدىن باقىسەن، ياكى بۇ يۇرتتىن كېتىسەن. لېكىن نەگە؟ ئىستانبۇلغا كېتەي دېسەڭ، ئىستانبۇل ھازىر شۇنداق بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇكى، كوچىدا پىيادىلەر يولىدا يېتىپ ئۆلۈپ قالساڭ، ”ھەي قاراڭلار، ئادەم ئاچلىقتىن قانداق ئۆلۈپ قالىدىكىن، قېنى بىر كۆرۈپ باقايلى“ دەپ ئەتراپىڭغا بىرمۇنچە ئادەم ئولىشىدۇ. . . شۇنىڭ ئۈچۈن نازىرنىڭ ناھەق ھاقارەتلىرىگە ”بوپتۇ“ دەيمىز. بۇنى يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن ئىككى قەدەھ هاراق ئىچىش كېلەمدۇ؟ كېيىنرەك خىزمەتچىلەردىن بىرسى بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ، غىڭ قىلالمايمەن. چۈنكى شەھەردە ۋالىينىمۇ قورقۇتقان لوكچەكلەردىن بىرىنىڭ يېقىنى. . . ئىككى قەدەھ بۇنىڭ ئۈچۈن. تۆت بولدىمۇ؟ چۈشكە يېقىن بىر بىچارە مۇئەللىم كېلىدۇ، ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ دەرد تۆكۈشكە باشلايدۇ. بۇ بىچارىنىڭ دېگەنلىرى ئاساسەن توغرا، بىراق كىمگە دەردىڭنى ئاڭلىتالايسەن؟ ئاڭلىساڭ قولۇڭدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. بىكاردىن-بىكار لەت بولۇسەن، ئاڭلىمىساڭ كۆڭلۈڭ بىئارام بولىدۇ. بۇ قىيىن ئەھۋالغا قارشى ئىككى قەدەھ. . . ئالتە قەدەھ بولدى. چۈشتىن كېيىن ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىمىغان ئىككى خىزمەتچى بىلەن ۋە ئۆي ئىجارىسىنى ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەرز قىلىپ كەلگەن ئۆي ئىگىسى بىلەن تاكاللىشىشلار. قېنى بۇلار ئۈچۈنمۇ بىرەر قەدەھ كۆتۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلىپ توققۇز قەدەھ. . . ئاناتولىيە سېپىلىدا تۇغۇلۇپ، بوغاز ئىچىدە ئۆسكەن بىر

ئادەمنىڭ ئەتىدىن-كەچكىچە بۆلۈمىنىڭ پەنجىرىسىدىن قۇرۇق يەرلەرگە، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەرگە قاراپ تۇرۇۋېلىشى-غا ھەم بىر قەدەھ، ئون قەدەھ دېگەن سۆز. . . ئۇنىڭدىن كېيىن باشلار ئايلىنىش بىلەن مۇزىكا باشلىنىدۇ، بۇ يەرلەرنى بېزەپ بېرىدىغان مۆھتەرەم دوستلار، قەدەھلەرنى بىر-بىرىگە ئۇرۇش-تۇرىدۇ. ئىشىك-پەنجىرىلەرنى مۇشتلايدۇ، ئۆينىڭ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن جاھازىلىرىنى تېپىشىدۇ. ۋارقىراپ-جارقىراپ ناخشا ئېيتىدۇ. . . بۇنىڭغا چىداشلىق بېرىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە بەش قەدەھ ئىچىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئون بەش قەدەھ بولامدۇ؟ . . . يېرىم كېچە بولغاندا ئۆيگە قايتىش كېرەك. . . خوتۇنىنىڭ دەھشەتلىك چىرايىنى كۆرۈسەن. . . ئۇ شۇنداق بىر ئايالكى، مەخسۇس سوقۇشۇش، تىللاپ قاغاش، پۇل سوراش ئۈچۈنلا ئاغزىنى ئاچىدۇ، ئاخىرى بىلىقتەك جىم بولىدۇ. ئۇنى كۆرمەسلىك ۋە سەت ئاۋازىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئادەم كۆچەپ ھاراق ئىچىپ ئۆز ھوشىنى يوقاتسا جايىدا بولىدۇ. بىراق مەن بۇنىڭ ئۈچۈن بەشلا قەدەھ ئىچىمەن. . . بالام، ھاراق ئىچمەي ياشىغىلى بولمايدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتسۈن، ئۇ چاغدا سەنمۇ مېنى راست دەپتىكەن دەيسەن. . . ”مەي خۇشاللىق ۋە قايغۇغا خاس ئەمەستۇر، غەم-قايغۇلارنى تېزراق يوقۇتۇش ئۈچۈندۇر“. ئولتۇرۇش بارا-بارا قىزىشقا باشلىدى. دەسلەپتە ناخشىلار ئېيتىلدى، كېيىن چوڭدىن-كىچىككىچە بارلىق خىزمەتچىلەر ئۇستىدە غەيۋەت باشلاندى. ئۇلارنىڭ يالغۇز ئىدارىسىدىكى ئىش-لىرىلا ئەمەس، خۇسۇسىي تۇرمۇشلىرىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىندى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئائىلە نومۇسىغا بېرىپ تېگىدىغان

گەپ-سۆزلەر تىلغا ئېلىندى.

ماڭا قارىغىدەك ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن هاراق ئىچمەستىن، قەدەهكە سۇنى تولدۇرۇپ كالپۇكلىرىمگە تەككۈزۇپ قويالىتتىم.

زادىلا ئاۋازى ئاڭلانمايدىغان بىر ئايال بىردەم-بىردەم ئىشكنى چېكەتتى، ئۈي ئېگىسىنى چاقىراتتى. تەخسە، تاۋاقلارنى سۇنۇپ بېرەتتى. مەن ئىنتايىن ئەدەبلىك ئادەم دەپ هېسابلايدىغان تاهىر ئەپەندى هە دېسىلا بۇ بىچارە ئايالنى هاقارەتلەيتتى، يامان گەپلەر بىلەن تىللايتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا ئۆيگە كېلىپ خاتىرە دەپتىرىمگە بۇ قۇرلارنى يازماقتىمەن. . . بۇ زىياپەت مەندە هېچ قانداق ياخشى تەسىر قالدۇرمىدى. بۇلۇپمۇ مائارىپ نازارىتى باش كاتىپىنىڭ سۆزلىرى ماڭا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى، بىراق قاراشلىرىمنى، ئىرادەمنى كۈچلەندۈرۈش جەهەتتە ياردىمى بولدى. بۇنداق يەرلەرگە، مۇشۇنداق ئولتۇرۇشلارغا بارماسلىقىغا تىرىشىمەن. سەپداشلىرىم بىلەن خىزمەتتىن تاشقىرى يېقىن ئالاقىدا بولمايمەن. ئەتراپىمدىكىلەر قانداق مىجەزلىك، قانداق تىپتىكى ئادەملەردىن بولسا بولسۇن، مەن ئۆز يولۇمدا قەتئىي ئىرادە بىلەن مېڭىۋېرىدىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىدىن قورقاتتىم؟

21-ئۆكتەبىر

تۇرمۇشۇمنى رەتكە سېلىۋالدىم. ئەتىگەندىلا ئىشقا بارىمەن، چۈشلۈك دەم ئېلىشقىچە باش كۆتۈرمەستىن ئىشلەيمەن. كەچقۇرۇن يولدىن كىرەكلىك نەرسىلىرىمنى ئالىمەن، ئىككى

يېنىمغىمۇ قارىماستىن ئۆدۆل ئۆيۈمگە كېلىمەن. بۆلۈمدىكى كەسىپداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ھورۇن. خۇداغا شۈكرى، ھەر نېمە بولسا مەن كەپتىمەن، بولمىسا ئەھۋاللىرى خېلىلا خاراب. . . ئۇلار مېنى ئاغزى بار تىلى يوق، تىنماي ئىشلەيدىغان تەلۋە دەپ ھېسابلىغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئىشلىرىنى ماڭا ئارتىپلا قويۇشىدۇ.

ھازىر مەندىن ياردەم تەلەپ قىلغۇچىلار يالغۇز مېنىڭ باشلىقلىرىملا ئەمەس، باشقا بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ مېنى بىزار قىلىۋېتىشتى. مەسىلەن، بىر كۈنى ۋەخپى ئىشلىرى مۇدىرى ئېڭىكىمنى سىلاپ قويۇپ: ”ئەپەندى، ئوغلۇم دىنىي جەمئىيەتلەردىكى ئىشچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى يېزىپ چىقماقچى ئىدى، سەن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقىپ، بىر جەدۋەل تولدۇرۇۋەتسەڭ قانداق؟ . . .“ دەپ خېلى قىيىن ئىشنى تاپشۇردى. نەچچە كۈن چاڭ-توزانغا پېتىپ كەتكەن دەپتەرلەر ئارىسىدا! ھوشۇمدىن كېتەي دېدىم. ياكى مالىيە بۆلۈم باشلىقى ماڭا ئېسىلىپلا ئالىدۇ: ”مۇرشىد ئەپەندى، بۆلۈمدە ئادەم سۈرەتلىك بىر توپ ھايۋان بار. ئەڭ ئاددىي ھېسابلارنىمۇ بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. ئاددىي بىر كۆپەيتىش ۋە بۆلۈش مەسىلىسىنىمۇ ئىشلىيەلمەيدۇ، تەلەپ شۇ، ھېساباتلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ بەرسەڭ“.

باشقا بىر كۈنى نازارەتنىڭ مائارىپ بۆلۈمى باشلىقىنىڭ بىر ئىشى چىقىدۇ: ”مۇپەتتىشلەردىن توپ-توپى بىلەن دوكلات كەلدى. ئەخمەقلەر كونا يېزىقنى يېزىشنى تۈزۈكرەك بىلىشمەيدۇ. سىز ئوقۇپ قىياس قىلىپ بولسىمۇ مەزمۇننى چۈشى-

نىڭ، كۆپلىگەن خەتلەر مۇئەللىملەرنىڭ تۇرمۇش ۋە كېلەچەك-لىرىگە مۇناسىۋەتلىك. مەن ئىشىمدىن باش كۆتۈرەلمەي قال-دىم. خاپا بولماستىن شۇ دوكلاتلارنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ، ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى رەتلەپ يېزىپ چىقسىڭىز بەكمۇ مەمنۇن بولاتتىم. شۇنىمۇ دەپ قوياي، بۇ ئىشلار ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇلۇشى لازىم!» يەر خېتى ۋە تىببىي ئىشلار بۆلۈملىرىمۇ ماڭا مەجبۇرىيەت ئارتىشتا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

ئۆزۈممۇ خالىماستىن ئىشلەتكەن «مەجبۇرىيەت» سۆزى مېنى خېلى ئويلاندۇردى. خىجالەت بولىمەن. بۇ مەزلۇم مەملە-كەتنىڭ، بۇ بىچارە مىللەتنىڭ ياخشىلىقى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىنغاتقان ئازغىنە ئەھمىيەتسىز ئىشلىرىمنى «مەجبۇرىيەت، زورلۇق» دېيىش ئىنساپسىزلىق بولماسمۇ؟ يوقسۇل بىر بالا ئىدىم، بۇ مەملىكەت مېنى بېقىپ چوڭ قىلدى، ئوقۇتۇپ ئادەم قىلدى. ھالبۇكى مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆككەن بىرقانچە تامچە تەرىمگە، يوقاتقان بىرنەچچە سائەتلىك ئۇيقۇمغا ئېچىنماقتىمەن. باشلىقلىرىمنى خوشال قىلىش ۋەزىپەم ئەمەسمۇ؟ مەندىن ياش ۋە بىلىم جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مائارىپ بۆلۈمى باشلى-قى، مالىيە بۆلۈمى باشلىقى ماڭا يالۋۇرۇپ ھۆرمىتىمنى قىلى-دۇ. ۋەزىپە بەرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ھەم ھۆرمەتلىك كەسىپداش-لارغا، ھەم مەملىكەتكە، ھەم ئۆزۈمگە پايدىسى تېگىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئادەم بىردىنلا ئادەم بولۇپ يېتىشمەيدۇ. ھېسابلار، دوكلاتلار بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئاز نەرسە ئۆگىنىۋال-دىممۇ؟ شۇنداق، قانداقلا بولمىسۇن ئۆز قەلبىمدىن چىققان بۇ «مەجبۇرىيەت» دېگەن سۆز ئۈچۈن ئۆزۈمدىن ئۆزۈم خىجىل

بولماقتىمەن.

قېنى بۇنىڭدىن 25 كۈن بۇرۇن بەرگەن ۋەدەم؟ قېنى بۇ ئۇستەلنىڭ چەت-چۆرىسىگە يازغان پىلانلىرىم؟

بۇ كېچە ئۆز-ئۆزۈمگە نەپرەتلەندىم.

5-نويابىر

باشلىقلىرىمنى خۇشال قىلىشتىن، سەپداشلىرىم بىلەن ياخشى ئۆتۈشتىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدىم.

هازىرچە بۇ يەردىكى ئەڭ ياخشى دوستۇم مائارىپ بۆلۈمى-نىڭ باش كاتىپى تاھسىن ئەپەندى... بۇ ئادەمنى دەسلەپتە ياخشى كۆرمىگەن ئىدىم. مەن ئارتۇقچە كىچىك پېئىل، ئارتۇق-چە سەمىمىي ئادەملەرگە ئىشەنمەي كەتمەيتتىم، كېيىنچە بۇ ئادەمگە يېقىنلىشىپ قالدىم. بۈگۈن ئاخشام ئۇنى بازاردىكى يېمەكلىكلەر دۇكىنىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ سېۋىتىنى تولدۇرۇۋاتاتتى.

—ئوغلۇم، بۈگۈن ھاۋا بەك ياخشى، كېچىلىك بەزمىلەرگە خېلى ۋاقىت بار. كېلە، ئازراق ئايلىنايلى،—دېدى.

تاھسىن ئەپەندى سېۋىتىنى دۇكانچىغا ئامانەت قويۇپلا مېنى قولتۇقلىۋالدى. پاتقاق كوچىلاردا مېڭىشقا باشلىدۇق. ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن ئاخشام مېنىڭمۇ بىرەر ئادەم بىلەن مۇڭداشقىم كېلىپ قالغانىدى. ھەممىلا ئادەم بىلەن ياخ-شى ئۆتۈشنى قارار قىلغان بولساممۇ، ئۆزۈمنى تۇتالماستىن خىزمەتداشلىرىمدىن بىرى بىلەن تاكاللىشىپ قالدىم. بۇ ئۇنچە-ۋالا مۇھىم بىر تاكاللىششمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر

سائەت، ھەر مىنۇتتا بىر-بىرىگە دەيدىغان ئاچچىق سۆزلىرىدىن بىرنەچچە جۈملە بولۇپ، بۇ سۆزلەرمۇ ئەڭ مەدەنىي ۋە ئەڭ يېنىك سۆزلەردىنلا ئىبارەت ئىدى. . . ئەمما مۇشۇ سۆزلەرمۇ مېنىڭ يۈرىكىمگە تېگىپ كەتكەنىدى.

ئاھ، نىمىدېگەن ياخشى، ئاللانىڭ ئەڭ بىكار نېمىتى ھاۋا بىلەن سۇ. . . شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇلاردىن قانغىچە پايدىلىنىشىمۇ يەنىلا پۇلدارلارغا خاس بىر ئىمتىياز بولۇپ قالدى.

ئىشخانىلار تاماكا ئىسلىرى بىلەن، كوچىلار قىغ پۇراقلىرى بىلەن تولغان. . . مەن پەقەت ھاۋا يېيىش ئۈچۈنلا رېماتىزىم بولغان پۇتلىرىمنى سۆرەپ بۇ يوللاردا ماڭىمەن دېسەم يالغان بولىدۇ، ئۆيگە كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، بالام-خوتۇنۇمنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا قەدەملىرىم ئارقىغا كېتىدۇ. . . تاھسىن ئەپەندى بىر نەرسىنى كۆرگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى، خىرقىرايتتى.

—ئۇھ بۇرادەر، سەن بۇ تەلەيسىزلىكىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن، بىزدە ھاراق ئىچىش تاياق يېيىشتىن بەتتەر. . .

بۇ ئادەم خېلى ۋاقىت خاپىلىقلار ئۈستىدە سۆزلىدى. ئەندى گەپ قىلىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەنىدى.

—مېنىڭمۇ بۈگۈن ئاخشام يۈرىكىم سىقىلىپ تۇراتتى. ئىختىيارسىز بىر خىزمەتدىشىمنى رەنجىتىپ قويدۇم. ئۇ ئۆزىگە ئائىت بىر ۋەزىپىنى ماڭا قىلدۇرماقچى بولغانىدى. ”ۋاقتىم يوق، ئىشلىرىم بېشىمدىكى چېچىمدىن تولا، كېچىدىمۇ ئۇخلىيالمايمەن، خاپا بولما“ دېدىم. مۇنداق دېيىشكە ھەققىم يوقمىدى؟ خىزمەتدىشىم خاپا بولۇپ كەتتى، غورۇرۇمغا تېگىدىغان

گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى. مەنمۇ چىداپ تۇرالمىدىم. خىزمەت-داشلىرىمىزغا نىسبەتەن قىلىشقا تېگىشلىك ھۆرمەتلەرگە ئەمەل قىلماستىن بەزى گەپلەرنى قىلىپ سالدىم.

مائارىپ بۆلۈمى باش كاتىپى ماڭا باشتىن-ئاياغ سەپسالدى، ھەم زاڭلىق قىلغاندەك، ھەم مېھرىبانلىق كۆرسەتكەندەك قىيا-پەتتە:

—ئاپىرىن ئوغلۇم، مانا ئەمدى ئادەم بولۇشقا باشلاپسەن! —دېدى، —ئۇچرىغان ھەققانىيەتسىزلىكلەرگە ۋە ھاقارەتلەرگە قوينىڭ قوزىسىدەك چىداپ تۇرۇش بۇرۇنقى زامانلاردىكى ئىش بالام. ساڭا دائىم دەيمەنغۇ... سەن تېخى ياش، بۇ ھاياتتا نازاكەت ئاقمايدۇ. ئىلاجسىز سەنمۇ ئۆگىنىپ قالىسەن... مەسىلىنىڭ تېگى-تەكتىنى سوراپ يۈرمەيمەن. بىراق بۇ جېدەل-دە سېنىڭ قىسمەن ھەقلىق، قىسمەن ھەقسىز ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمەن...

مەن ھەيران قېلىپ سەپدىشىمنىڭ يۈزىگە قاراشقا باشلى-دىم، ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى.

—نېمە ئۈچۈن ھەقلىقسەن-نېمە ئۈچۈن ھەقسىزسەن؟ ماڭا قارا، مەن ئىنزاھلاپ بېرەي، ئوتتەك بىر ياشسەن، توختىماس-تىن ئىشلەيسەن، باشلىقلىرىڭ دەسلەپكى كۈنلەردە سەندىن بەك-مۇ مەمنۇن بولىدۇ، ماشىنىدەك ئىشلىشىڭگە ھەيران قالىدۇ. لېكىن مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالىدۇ، بۇنى تەبىئىي بىر ئەھۋال دەپ بىلىشىدۇ. ئىشقىلىپ ئەتىگەندىن-كەچكىچە بىكار تەلەپ بولۇپ ھەرخىل خام خىياللار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان خىزمەتداشلىرىڭغا دەسلەپتە ۋارقىراپ-جارقى-

راشقان، كېيىنچە ئۇلارنىڭ ھورۇنلۇق قىلىشلىرىغا، لاغايلاپ يۈرۈشلىرىگە، رەزىل ھەرىكەتلىرىگە كۆنۈپ قېلىشقان. بۇ خىل ئىشلارنى ئالاھىدە بىر ئىش دەپمۇ قاراشمايدىغان بولۇپ قېلىشقان. . .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئىشخانىغا كەچ كېلىپ، ئىشلارنى سەللا ئاخستىپ قويىدۇغمۇ بولدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چاچراپ كەتكىدەك بولىدۇ. . . بىراق باشقىلارنى كۆرمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەر كۈندىكىدەك ئەھۋالدا سېنىلا كۆرۈشىدۇ، سەن شۇ كۈنى بۇرۇنقى كۈنگە قارىغاندا يامان ئەھۋالدا كۆرۈنىسەن. ئەنە شۇ بىز ياخشى كۆرمەيدىغان، ئەقىلسىزلىقتا مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن ئىشەكلەرنىڭ ئىچىدە كارامەت پەيلاسوپلارنىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن؟ . . . ئۆزلىرى يېگەن تاياقنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مېگىشلىرىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمەيدۇ. تېز مېگىش تاياقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ياخشى چارىسى ئەمەسلىكىنى، چۈنكى باشقىلارنىڭ پۈتۈن نەپساندىيەتچىلىكلىرىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئاتلار بىلەن مۇسابىقىگە قاتناشتۇرىدىغانلىقلىرىنى بىلىشىدۇ. بىلەمسەن ئوغلۇم، باشلىقلىرىڭ سېنىڭدىن شىكايەت قىلىشقا باشلاشتى. . . ئۇلار ئەمدى ”ئىلاجى يوق، كۈندىن-كۈنگە ھورۇنلىشىدۇ“ دېيىشىدۇ. ۋاي نادان بالا، سەن ئىشنى تەتۈرسىدىن باشلىغان بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى، يەنى ئىشنى زوق بىلەن باشلىماستىن، ئاستا-ئاستا ئېچىلغان بولساڭ. . . ئۇ چاغدا باشلىقلىرىڭمۇ: ”مۇرشىد گۆھەردەكلا بالا ئىكەن، . . . بارغانسېرى تىرىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ“ دېگەن بولسا. . .

مائارىپ بۆلۈمى كاتىپىنىڭ بۇ سۆزلىرى ماڭا زەھەردەك ئاچچىق ۋە جاننى ئالىدىغاندەك بىلىندى:

— ئەپەندىم، بۇ گەپلەرنىڭ بىزنىڭ سۆھبىتىمىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ — دېدىم.

ئۇ ھېچ قانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ ئەگىتمە سۆزلەرنى نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى مانا ئەمدى چۈشىنىسەن بالام، باشلىقلىرىڭ مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن ساڭا خاپا بولىدۇ، مەيلى ساڭا ئائىت بولسۇن-بولمىسۇن، ئۆز ئىشخاناڭدا قىلىدىغان شۇنچە كۆپ ئىش تۇرۇقلۇق باشقا بۆلۈمە-لەرگە ياردەم قىلىشىڭنى، مەسىلەن، بىزنىڭ مائارىپقا دائىم دوكلاتلىرىمىزنى تەييارلاشقا ياردەملىشىشىڭنى ياخشى كۆرۈش-مەيدۇ، چوقۇم شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بىزدە بۇ بۆلۈم يەنە بىر بۆلۈمگە خۇددى بىر دۈشمەن مەملىكەتنىڭ باشقۇرۇش نەزە-رى بىلەن قارايدۇ. . . قىسقىسى، سېنىڭ بۇنداق ئادەتتىن تاش-قىرى جاپا چېكىشىڭ باشلىقلىرىڭنى خۇشال قىلمىسا، ئۆزۈڭ پەرەز قىل ئەندى، باشقىلارنى قانچىلىك خۇشال قىلار؟ مەسى-لەن، پۈتۈن خىزمەتداشلىرىڭ ساڭا دۈشمەن، ھەر بىرى: ”بۇ ئىش پەقەتلا مۇشۇ سۇرئەتتە تولۇق يۇرۇشۇپ كېتىدۇ“ دېيىشىپ تۇرغان چاغدا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇرشىد ئەپەندى دېگەن مۇش-تۇمدەك بىر بالا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. . . بەش كىشىنىڭ بەش كۈندە تۈگىمەيدىغان ئىشىنى بەش سائەتتىلا تۈگىتىش ئۈتتۈرىغا قويۇلسا، بۇ تەلۋىلەر قانچىلىك خاپا بولۇپ كەتسە ھەقلىق، ئۇندىن باشقا بۇ ئىرىشچان ئادەملەرنى باشلىقلىرىغا يامان كۆر-سىتىش خەتلىرىمۇ بار. . . كېيىنچە ساڭا قاراپ بۇرۇنقىدىن

كۆپرەك ئىشلەشكە مەجبۇرلىشىدۇ. ئاخىرى بۇلاردىنمۇ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ياخشى قاراشتا ئەمەسلىكىنى دېيمەن. چۈنكى بۇ ناپىناقلار ئۆز ئەھۋاللىرىنى بىلىشمەيدۇ. ھەقىقەتەن ئۆز ئىچىدە بىر گۆھەر بار دەپ ھېسابلىشىدۇ، ئادەم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن بىرەر ئىشقا ياراپ قېلىشلىرىدىن ۋەھىمە يېيىشىدۇ.

تاھسىن ئەپەندى ئاجايىپلا بىر ئادەم ئىدى، كۇلەتتى، خاپا بولۇپ كېتەتتى، چاقچاق قىلاتتى. ھاراقنى كۆپ ئىچىپ ئىششىپ كەتكەن يۈزلىرى دائىم ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

—شۇنداق بالام، سەن خىزمەتداشلىرىڭنىڭ خاھىشىنى بۇزۇۋەتتىڭ، بايا ”جاپاكەشلىك“ سۆزىنى دېگىنىمدە چىرايىڭ بىرخىل تۇسكە كىردى، بۇ ئۇلارنىڭ سەن ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۆزلىرىدىن ئەڭ يەڭگىلى، ئۇلارنى چېقىشتۇرۇش ئۈچۈن دەۋاتىمدۇ، دەپ ئويلاپ قالما، سېنىڭ ھەققىڭدە نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقلىرىنى ياخشى ئاڭلا، ئاندىن شۇنىڭغا قاراپ ھەرىكەت قىل دېمەكچىمەن، باشلىقلىرىڭنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنى ”يالاقچى، ئاتىكاچى، ياخشىچاق“ دېيىشىدۇ. تىرىشچانلىقىڭ ھەققىدە ھەر خىل سۆزلەر بار. . . بىر قىسمى بۇنى سېنىڭ دۆتلۈكۈڭ دېيىشىدۇ. بىر قىسمى ئاخىرى يوق ”يالغانچى پالۋان“ دېيىشىدۇ. يەنە بىر قىسمى پەقەتلا خىزمەتداشلىرىڭنى يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ئويۇن دېيىشىدۇ. . . نازۇك ھەردىكەتلىرىڭنى، باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىشلىرىڭنى ھەممىلا يەردە قورقۇنچاقلىق، ساختىپەزلىك، رەزىللىك دەپ تەسۋىرلەشمەكتە. . . بۇگۈنكى جاڭجالمۇ مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئىنتايىن ياخ-

شى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ”خىزمەتدىشىم ئۆزىگە ئائىت بىر ۋەزى-
پىنى ماڭا يۈكلىمەكچى بولغانىدى، ماقۇل بولمىدىم، خاپا بول-
دى“ دېدىڭ، ئەلۋەتتە خاپا بولىدۇ. مەن بولساممۇ خاپا بولغان
بولاتتىم. ئۇ، تەلۋىنى تاماكىغا خۇمار قىلىپ قويغاندەك ئىش،
باشقىلارغا قىلدۇرۇشقا ئۆگىتىپ قويۇپ، بىردىنلا توختىتىپ
قويساڭ قانداق بولىدۇ؟ ئۇ بۇ ئىشنى ساڭا ئائىت بىر ۋەزىپە
دەپ قاراشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. ۋەزىپەڭنى ئورۇندىمىغانلى-
قىڭنى، نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىڭنى كۆرۈپ غەزەپلىنىدۇ.
مەن بولساممۇ چوقۇم غەزەپكە كەلگەن بولاتتىم. دېمىسىمۇ،
سەن نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ
ئىشىنى قىلىپ بەرمەيسەن؟ ئۇمۇ ئاللانىڭ بەندىسى ئەمەسمۇ؟
دېگىنىمدەك، بۇ داۋادا سەن ھەم ھەقلىق، ھەم ھەقسىزسەن
بالام، قېنى ئەمدى قايتايلى...

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن قارشى تەرەپتىكى ئىز-
لار سۇلتانىيە يايلىقىدەك قىزغۇچ رەڭگە كىرگەنىدى.

مائارىپ بۆلۈمى كاتىپى گەپنى باشقا تېمىغا ئۆزگەرتتى.
ئېسىدىن چىقمايدىغان بوغازئىچى[1] ھەققىدە سۆز باشلىدى:

— ئاھ ئوغلۇم، مەن دائىم: بۇ يەردە باش كاتىپ بولغىچە،
سۇلتانىيە يايلىقىدا يايلاۋاتقان ئات بولۇپ ئوتلاپ يۈرسەم...
دەپ ئويلايمەن. ئەگەر ئاللا نېسىپ قىلىپ كۈنلەرنىڭ
بىرىدە...

كۈن پاتقانىدى. ئارقىمىزغا ياندۇق. تاھسىن ئەپەندىنىڭ

[1] ئىستانبۇلدىكى يەر ئىسمى (دېڭىز ساھىلى).

سۆزلىرىنى ئاڭلىمايتتىم، ئۇنىڭ باياتىن دېگەن سۆزلىرى مې-
ڭەمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. مەنىۋى ھاياتىمنى زې-
دىلەشكە، كەسپىي ئەخلاقىمنى بۇزۇشقا قارار قىلغاندەك كۆرۈن-
گەن بۇ ئادەمگە خاپا بولاتتىم. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭغا
نىسبەتەن ئاجايىپ بىر خىل مېھرى-مۇھەببەت ھېس قىلىشتىن
ئۆزۈمنى تۇتالمايتتىم. بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ زە-
ھەردەك ئاچچىق، ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغىدەك قاتتىق سۆزلىرى
خىيالىمدىن كەتمەيتتى.

بۇ يەردە ھېلىقى يېرىق ئۈستەل بېشىدا دەسلەپكى قۇرلارنى
يازغان كېچىلەردىكىدەك ئۇمىدۋار ئەمەس ئىدىم. مەن شۇنداق
پەرەز قىلىمەنكى: ئۆمرۈمنىڭ قېيىقىنى خالىغان قىرغاققا ئې-
لىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پالاقلىرىنى قولغا ئېلىشىم كېرەك.
بىراق ئىشلار ئۇنداق ئاسان بولمايدىكەن. . . يوللار كۆرۈنمەس
قورام تاشلار بىلەن تولغانىكەن، ئۇلارغا ئۇرۇلۇپ كەتمەسلىك
كېرەك ئىكەن. ئەڭ يامىنى يوشۇرۇن ئېقىنلاردىن بۇرۇن ئا-
دەملەر ئۇلارغا ئەگەشكەندە يولنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، بارغان-
سېرى يىراقلارغا كېتىپ قالغانلىقىنى پەرق قىلالمايدىكەن. .
. تاكى ئۆزىنى باشقا قىرغاقلاردا كۆرگەندىلا ئېسىگە كېلىدى-
كەن. ئەتراپىمدىكىلەر قانداق خۇسۇسىيەتلىك ئادەملەر بولسا-
بولسۇن، مەن ۋەدىلىرىمگە ۋاپا قىلىمەن. بەزى ئىرادىسى ئاجىز
ۋە روھى چۈشكۈن، قولچىلىق ئىدىيىسى كۈچلۈك ئادەملەردىن
كېلىدىغان يامانلىقلارنى جەمئىيەتكە يۈكلەپ قويۇپ، ئۇنىڭغا
رەنجىپ كەتمەيمەن. ئەكسىچە، مەن كۆرىدىغان زۇلۇم ۋە ھەققا-
نىيەتسىزلىكلەرنىڭ مېنىڭ بىلەن بىللە ئېزىلگەن ئۇلۇغ ئانىغا

زەربە بەرگەنلىكىنى، يارلىرىغا ئاچچىق تۇز سەپكەنلىكىنى ئويلايمەن ۋە يەنىمۇ زور كۈچ ۋە كۈچلۈك زوق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەيمەن.

5-ئاۋغۇست.

بۈگۈن ×× ناھىيىسىدىكى يېڭى ئۆيۈمگە كۆچۈپ كەلدىم. كىتابلىرىمنىڭ ئىچىدىن خاتىرە دەپتىرىمنى تاپتىم. ئۇنى خېلى زاماندىن بېرى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. سىۋاستا باشلىقنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن كۈنلىرىمدە رەسمىي ئىشلاردىن باش كۆتۈرەلمىگەنىدىم، كېيىنچە بۇ جاڭجاللار، پىتنە-پاساتلار، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سىقىدىغان خىلمۇخىل ئىشلار بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن بولۇپ تۇراتتى. كىچىككىمدىن تارتىپ ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، كۈنۈمنىڭ بىرنەچچە سائىتى كىتاب ئوقۇشقا كېتەتتى. بارلىق دەرد-ئەلەملىرىمنى ئۇنتاتتىم. سىۋاسقا كەلگەن دەسلەپكى ئايلاردا يەنىلا شۇنداق قىلدىم، ھەتتا بىر ئاز شېئىر يېزىشقىمۇ ھەۋەس قىلىپ قالدىم. بەزى-بەزىدە غەزەل ۋە ناخشىلارنى يېزىشقا تىرىشاتتىم. كېيىنچە بۇ ھەۋىسىم ئۆچۈپ قالدى. ئەقلىمنى كۆندۈرىۋالغان قايغۇلۇق غەيۋەت-شىكايەتلەردىن، مەنىسىز ھاياجانلاردىن ئايرىپ، كىتابلارغا ئىشلىتىشكە قۇربىم يەتمىدى. بۇ تەسىرلەر تۈپەيلىدىن خاتىرە دەپتىرىمنىمۇ بۇلۇڭغا تاشلاپ قويغانىدىم. ئەسلىدىمۇ ئىنساننىڭ كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە قانداق ھەۋەسنىڭ بولۇشى مۇمكىن؟ ئاخىرى ×× ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ تەيىنلەندىم. سىۋاستىن ئايرىل-

ـدىم، يېڭى بىر مۇھىتقا، يېڭى بىر ھاۋاغا كىردىم. بۇ ئۆزگىـ
ـرىش مەندە ئاجايىپ بىر خىل تەسىرات قوزغىدى. ئۇيقۇدىن
ئويغىنىپ، دەھشەتلىك قارا بېسىپ بىھۇدە ئازابلانغانلىقىنى
ئەسلىگەن ئادەمدەك بولۇپ قالدىم. دەسلەپتىكى خىزمەت ئور-
نۇمدا ئۆزۈممۇ بىلمەستىن قانچىلىك تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىمنى
پەقەتلا مۇشۇ يېڭى مۇھىتتا، يېڭى بىر ۋەزىپىنى ئۆتەشكە باشلىـ
ـغان سائەتلىرىمدە چۈشەنگەندەك بولدۇم. خاتىرە دەپتىرىمنىڭ
قولۇمغا چۈشۈشى ياخشى بىر تاسادىپىيلىك بولدى، ئەمدى ئۆ-
زۈم بىلەن ھېسابلىشىمەن. دەسلەپكى سودىسىدا زىيانغا ئۇچرىـ
ـغان غەيرەتلىك سودىگەرگە ئوخشاش، يوقالغان نەرسىلەر بىلەن
قولۇمدا قالغانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمەكچىمەن. كېيىن يېـ
ـڭى بىر پىلان بىلەن ھاياتلىق باشلىماقچىمەن. شۇنداق، شۇنى
ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، تۇنجى ئىشىمدا قاتتىق زەربىگە
ئۇچرىدىم. ۋەدىلىرىمنىڭ بىر قىسمىغا ۋاپا قىلالمىدىم. ھەممە
ئادەم بىلەن ياخشى ئۆتمەكچى ئىدىم، ئەمما خېلى كۆپ ئادەمنى
رەنجىتتىم. . . باشلىقلىرىمنىڭ گېپىدىن چىقماقچى ئەمەس ئىـ
ـدىم، ئەمما ئۇلارغا قارشى چىقتىم. خۇسۇسىي ھاياتىمدا دائىم
پاكىز ھەم ساپ ھالەتتە يۈرمەكچى، ئويۇن-تاماشىلاردىن يىراقتا
تۇرماقچى ئىدىم. بىراق دېگەنلىرىمنى قىلالمىدىم. شۇنىڭ بىـ
ـلەن بىللە ماڭا تەسەللىي بېرىدىغان بىر نۇقتىمۇ بار ئىدى: مەن
مەغلۇبىيەتچىمەن، لېكىن دۈشمەن بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىپ
ئاخىرقى ئوقنى ئاتقاندىن كېيىن يىقىلغان ئەسكەردەك مەغلۇبىـ
ـيەتچىمەن. مائارىپ بۆلۈمى باش كاتىپىنىڭ ئاساسەن توغرا
دېيىلگەن سۆزلىرى قانلىرىمنى زەھەرلىگەنىدى. بولدۇرغان

خېمىردەك تۇرغان يېرىمدە كۈندىن-كۈنگە ئېچىپ كېتىۋاتاتتىم. سەپداشلىرىمنىڭ مېنىڭ كىچىك پېئىللىقىمنى، يۇۋاشلىقىمنى قايسى كۆزلىرى بىلەن كۆرۈۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھۆرمەتسىزلىكىگە چىداپ تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى، ئەھمىيەتسىز كىچىك بىرنەرسە ئۈچۈن خۇيۇم تۇتۇپ قالاتتى ۋە سوقۇشۇپ قالاتتىم. بىر كۈنى بىرسى لەتىپە سۆزلىگەن بولۇپ مېنى زاڭلىق قىلدى. چىشىمغا تەگمەسلىكىنى چىرايلىقچە دې-دىم. پەرۋا قىلمىدى، تېخىمۇ بەتتەررەك چىشىمغا تېگىشكە باشلىدى. بۇ تېتىقسىز گەپلىرىنى توختاتمىسا ئېغىر ئاقىۋەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدۇم. ئەندى كەمسىتىشنى ئو-چۇق-ئاشكارا ھۇجۇمغا ۋە ھاقارەتكە ئۆزگەرتتى. ئۇغۇ بىر پاقال-چىقىمچە كېلىدىغان ئاۋاق بىرنېمە ئىدى. "باشقىلارنىغۇ بىلمەي-مەن، بىراق سېنىڭ ئىنچىكە بوينۇڭدىن تۇتۇپ پەنجىرىدىن تاشلىۋېتىمەن" دېدىم ۋە قانداقلارچە بولغىنىنى بىلمەيمەن، پە-قەت كوچا لۈكچەكلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان ئەڭ سەت گەپ-لەر بىلەن ئۇنى تىللاۋاتاتتىم.

تاھسىن ئەپەندىنىڭ دېگىنىدەك بۇ ئىشلار ئادەتتىكى ئىشلار ئىدى. ئىدارىدە ھەر كۈنى مىڭ بىر خىل تىللار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ماڭا ئوخشاش ئۈن-تىنىسىز بىر ئادەمنىڭ چىقى-شى، خۇددى بىر بېلىقنىڭ پەرياد قىلىشىغا ئوخشاش ھەممىلا كىشىنى ھەيران قالدۇردى. بۇ ۋەقە ناھىيىدىن ھالقىپ ۋىلايەت-لىك ھۆكۈمەتكىمۇ ئاڭلىنىپتۇ. ۋالىي سارايدا يېتىشتۇرۇلگەن چوڭ ياشتىكى بىر پاشا (گېنېرال) ئىدى. مېنى بۆلۈمگە چاقىرتىپ تەنقىد قىلدى. مۇلايىم تەبىئىتىم، ئۈچ-تۆت ئايدىن

كېيىن مېنى باشقا بىر خىل پالاكەتكە دۇچار قىلدى، ناھىيىلەر-
دىن بىرىگە بىر ھاكىم تەيىنلەشكە توغرا كەپتىكەن. مېنىڭ
ئىنتايىن تىرىشچان، ئىنتايىن توغرا قاراشتىكى بىر ياش بولغاند-
ىلىقىمنى نەزەردە تۇتۇپ، مېنى ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. رەسمىيەتلە-
-رىم پۈتەي دەپ قالغانىدى. دەل شۇ چاغدا بىر خەۋەر تارقالدى
— بۇ مەنسەپكە مەندىن كېيىن خىزمەتكە كىرگەن، قابىلىيەتسىز
بىر ياشنى تەيىنلەپتۇ. دەسلەپتە ئىشەنمىدىم، سۈرۈشتۈردۈم،
توغرا بولۇپ چىقتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى كېيىنچە مائارىپ باش
كاتىپىدىن بىلدىم. بۇ ياش ۋالىيغا مۇراجىئەت قىپتۇ: دەسلەپ-
-دە يالۋۇرۇپتۇ، كېيىنچە تەھدىت سېلىشقا باشلاپتۇ، ۋالىي
ئىككىلىنىپ قاپتۇ. . .”ئۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ؟ باشقا
بىرىنى تەيىنلەپ بولساق، ئۆزىگىمۇ دېگەن تۇرساق!“ دەپتۇ.
ئەتراپتىكىلەر: ”مۇرشىد يوۋاش ۋە مۇلايىم بالا، ئۇنىنى چىقار-
مايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىدارە ئەنە شۇنداق تىرىشچان خىز-
مەتچىلەرگە مۇھتاج. . .“ دېيىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يېڭى
مەنسەپتىن قالدۇرۇۋېتىپتۇ.

ئۇلار توغرا ئويلاپتۇ، مەن ئۆزلۈكۈمدىن ئۈنۈمنى چىقار-
غۇدەك، قولۇمدىن تارتىپ ئېلىنغان ناننى تارتىۋالغىدەك ئادەم
ئەمەسمەن. لېكىن ئىلاجىم قانچە؟ ئۈستۈمدىن چىققان گەپلەرنى
تاھسىن ئەپەندى ئېقىتماي-تېمىتماي دەل ۋاقتىدا ماڭا يەتكۈ-
زۈپ، غۇرۇرۇمغا تېگەتتى. كۆزۈم كۆرۈپ تۇرۇپ، ھاياتىم
بىلەن، كېلەچەك ئىستىقبالىم بىلەن ئوينىشىشقا رۇخسەت قىلى-
غىدەك دەرىجىدىكى ھايۋان ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن
شۇنچىلىك دەھشەتلىك تۈسكە كىردىم، شۇنچىلىك قاتتىق ۋار-

قىراپ-جارقىراشلىرىم ئۇ بىچارىلەرنى دېگەنلىرىگە، دېمەكچى بولغانلىرىغا پۇشايمەن قىلدۇردى. ئەمما شۇ سەۋەبتىن ئېغىر جازاغا دۇچار بولدۇم. مەن ھازىر خىزمەتچىلەر تىزىملىكىدە ھۇجۇم قىلغۇچى، سوقۇشقاق بىر ئادەم بولۇپ ئەنگە ئېلىندىم. مانا ھازىرقى كۈندە سەل قايغۇ ئىچىدە ئويلانماقتىمەن: ئەجەبا مېنىڭ ھازىر×× ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇشۇم ئازراق بولسىمۇ ئۆزۈمنى تونۇتۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ ئەينى زاماندا مېنى ”ئاغزى بار، تىلى يوق بالا“ دەپ مېنىڭ ئۆسۈشۈمگە توسقۇنلۇق قىلغانلار ئەدىپىنى يېمىگەن بولسا، بۇ قېتىممۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپ، بۇ نانىمۇ قولۇمدىن تارتىپ ئالغان بولاتتى.

ئىدارىدىكى يامان خىزمەتچىلەر ئۈستىدىن دائىم شىكايەت قىلىمىز. ئەجەبا ئىشقا چۈشكەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى يامان نىيەتلىك، ھورۇن، ئالدامچى، رەزىل ئىنسانلارمىدى؟

* * *

شەخسىي ھاياتىمدا ئىنتايىن پاك بولۇش، يامان ئىللەتلەردىن ساقلىنىش ھەققىدىكى قارارىمدىمۇ تۇرالمىدىم. دەسلەپكى كۈنلەردە ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان يالغۇزلۇق بارا-بارا ئېغىر كېلىشكە باشلىدى. كېچىلىرى ئەرمەن موماينىڭ ۋايرانە ئۆيىدىكى زېرىكىشلىك ياتىقىمدا ئىچىم پۇشۇپ پارتلاپ كېتەي دەيتتىم. شۇنداق قىلىپ ئۆزۈم قورققان نەرسىلەرنىڭ قۇچىقىغا ئاستا-ئاستا ئېتىلدىم. يالغۇزلۇق مېنى بىرمۇنچە ئەخمەق ۋە غەيۋەتخور ئادەملەر بىلەن دوست قىلىپ قويدى. كەچ كىرىشى بىلەن ئۇلارنى ئىزدەيتتىم، پىتنە-پاساتلىرىدىن زوقلىناتتىم. ئىنتايىن تەنها ۋە زېرىكىشلىك ئۆيۈمدىن كۆچۈپ كەتتىم. باش-

لىقلارنىڭ بىرسىنىڭ دالالەت قىلىشى بىلەن باشقا بىر ئەرمەن-
نىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتىم. بۇ يەر بەكلا ئاۋات، پاكىز ۋە ئادىمى
كۆپ بىر جاي ئىدى. ئۆي ئىگىسىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى.
بەزىدە ئۆلارنىڭكىگە قوشنا-قولۇملاردىن ئۈچ-تۆت ئايال كېلىپ
تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا ئۆينىڭ ئىچى قايناپ كېتەتتى. ياتىقىمدا
ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ كۈلۈشۈپ چاقچاق قىلىشلىرىنى، ناخشا
ئېيتىشلىرىنى ئاڭلاش ماڭا زوق بېغىشلايتتى. ماڭا بىر ياتاقنى
ئەرزان باھادا ئىجارىگە ئېلىپ بەرگەن باشلىق ناسۇمى بەي بەزىدە
مېھمان بولۇپ كېلەتتى. ئۇنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ھاراق
ئالاتتىم، ئۆي ئىگىسىگە كىچىك بىر زىياپەت داستىخىنى تەييار-
لىتاتتىم. ناسۇمى بەي ئوچۇق ۋە كىچىك پېئىل ئادەم ئىدى.
ئۆيدىكى ئاياللاردىن بىر-ئىككىنى چاقىرتىپ ھاراق قۇيۇپ بەر-
گۈزەتتى، ناخشا ئېيتقۇزاتتى. بەزى چاغلاردا ئازراق ھاراق
ئىشىپ قالاتتى. ئەتىسى كەچلىك تاماقتا بۇ ھاراقنى يالغۇز
ئولتۇرۇپ بىر يۇتۇم-بىر يۇتۇمدىن ئىچەتتىم. بىر كۈن بۇرۇن
ئېيتىلغان ناخشىلارنى ئاستا غىڭشىپ قوياتتىم. مۇشۇنداق كې-
تىۋەرگەن بولسام بەلكى ھاراقكەش بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن
ئىدى، بىراق بىر ۋەقە مېنى بۇ خەتەردىن ساقلاپ قالدى.

بىر كۈنى كەچكە يېقىن ئىدارىدىن كېتىۋاتاتتىم. مائارىپ
بۆلۈمى باش كاتىپى مېنى بىر قەھۋەخانىنىڭ پەنجىرىسىدىن
چاقىردى. تاھسىن ئەپەندى بىر ئۇستەلنى ئىگەللەپ چىلىم
چېكىۋاتاتتى، ئېپتار قىلىش ئەزىنىنى كۈتۈۋاتقان روزى تۇتقۇ-
چىلارغا ئوخشاش غەمكىن ۋە ئۆزىنى يوقاتقان ھالەتتە ۋاقتىنىڭ
توشىشىنى كۈتكەندەك قىلاتتى. گەپلىشىدىغان بىر ئادەمنى كۈ-

توۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— كېلە ئوغلۇم، بىر چىنە قەھۋە ئىچىپلا كەت. . . ئىككى ئېغىز سۆزلىشىپمۇ ئالارمىز.

رەھمەت ئېيتتىم. يازىدىغان بىرمۇنچە نەرسىلەر بار بولغىنى ئۈچۈن ئولتۇرالمايدىغانلىقىمنى دېدىم. تاھسىن ئەپەندى تۇرۇۋېلىۋالدى.

— كەل، جاھىللىق قىلما، بەلكى قوشنىلارنى پەرىشان قىلارسەن. . .

بۇ گەپ ماڭا مەنىلىك بىلىندى، چرايىغا تىكىلىپ قارىدىم.

— قوشنىلار دېگىنىڭىز كىم؟ . . .

— ئولتۇرغىنە، سۆزلەپ بېرىمەن. ئىنتايىن مۇھىم بىر خەۋەر. . . ئەسلىدە ھەممىدىن بۇرۇن سېنىڭ بىلىشىڭ كېرەك بولسىمۇ. . .

ئەسەبىيلەشكىنىمنى بىلدۇرمەسلىككە تىرىشىپ بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇردۇم. مائارىپ بۆلۈمى باش كاتىپى ماڭا قەھۋە، ئۆزىگە چىلىم ئۇچۇن ئوت ئەكىلىشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

— ناسۇمى بەي ھەممىگە مەلۇم كەيىپخۇمار ئادەمدۇر. . . ھەر ئىشىدىن لەززەتلىنىشنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە كېلىپ-كېتىدىغان بىر ئەرمەن ئايالغا كۆيۈپ قاپتۇدەك. . . ئىشقىلىپ ئاشىق-مەشۇق بولۇشۇپ ياشاپتۇ. . . بىراق قەيەردە تېپىشىدۇ؟ ئىستانبۇلدا بۇلارنىڭ ئىشى ئاسان: ئوتلاقلار، يايلاقلار، مازارلىقلار، خارابىلىقلار، خالىي جايلار. . . ئۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەم بىكارلىق، ھەم شائىرانە، مۇكەممەل

بىر ئارامگاھلاردۇر. ئەمما بۇ شەھەردە دىلبىرىڭنى نەگىمۇ ئاپىد-رىسەن؟ كوچىلاردا يۈرسەڭ گەپ-سۆز بىلەن جېنىڭنى ئېلىپ يېنىڭدا قويىدۇ. بىرىگە پۇل خەجلەپ ھەل قىلاي دېسەڭ، ۋاي ئاللا، ھالىڭغا ۋاي، شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىلا ھەر تەرەپكە تېلىفۇن-دەك تارقىلىدۇ...

ناسۇمى بەي ئاخىرى كارامەت ياخشى بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ، رەنجىپ يۈرمە، ئۇ سېنىڭ كۆزى ئېچىلمىغان بىر ياش ئىكەنلىكىڭنى بىلىدۇ، شۇڭا بىر مەخسۇس ياتاقنى ساڭا ئىجارىگە ئېلىپ بېرىپتۇ، بەزى كۈنلىرى خىزمەتتىن ئىككى سائەت بالدۇر چۈشىدۇ، چۈنكى ئۇ باشلىق، نەگە بارسەن دەيدىغانلار چىقمايدۇ-دە! خۇددى سېنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۆيگە كېلىدۇ، سېنىڭ ياتىقىڭدا يالغۇز قېلىشىدۇ... ھەقىقە-تەن كارامەت بىر ئىجادىيەت... پەقەت مەھەللە خەلقىنىڭ دۆ-لەتنىڭ سىياستى بىلەن چاتىقى يوق. بىراق بۇ ۋاقىتسىز زىياپەتلەرنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ئىش ئۈستەل ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ... بۇ ئىش شاخ-چۇماق چىقىرىدۇ، ئاجايىپ-غا-رايىپ پەرەزلەر سۆزلىنىدۇ. خۇددى بىر باشلىقنىڭ بۇ ئىشنى سەن تەۋسىيە قىلغاندەك، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەكچى بوپسەن، ئۆز مائاشىڭ بىلەن ياشاشقا رازى ئەمەسكەنسەن، بۇ ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى ئۇ بېرىدىكەن، خىراجەتلەرنى ئۇ چىقىرىدىكەن. ئەنە شۇنداق بىرمۇنچە مىش-مىش گەپلەر... بۇ نامەرت مۇناپىق-نىڭ سېنى قانداق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ بالام؟ بۇ ئەسكىنىڭ ئۈچىغا چىققان ھازازۇل ۋە پەسكەش بىر خوتۇنى بار، ئاڭلىشىمچە بەزى ئىشلارنى بىلىپ قالغان-

مىش. . . ئەگەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىشىكىڭنى چېقىپ: ”ئېرىمغا باشقىلارنىڭ خوتۇنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆيۈڭنى شولارغا قويۇپ بېرىپسەن، نومۇسسىز مۇناپىق!“ دەپ ۋارقىراشقا باشلىسا ئۆلگىنىڭ شۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن قەدىمىڭنى راۋرۇس تاشلاپ، كۆزۈڭنى يوغان ئاچ، ساڭا دادىلارچە دەپ قوياي، بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغىنى شۇ. . .

بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈم خالاپ بىر نومۇسسىزلىق قىلىپ قويغاندەك قوللىرىم بىلەن يۈزلىرىمنى ئېتىۋالدىم.

گېزىتلەردىكى جىنايەت خەۋەرلىرىنى ئوقۇغان چېغىمدا ھەيران قالاتتىم. بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى قانداقلارچە ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. تاھسىن ئەپەندىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ بۇ روھىي تېپىشماقنى يەشكەندەك بولدۇم. ناسۇمى بەينى شۇ مىنۇتتا ئالدىمدا كۆرۈدىغان بولسام چوقۇم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. . . .

ئۆزۈمنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىمنى، چىرايىمنىڭ قانداق تۇسكە كىرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. پەقەت تاھسىن ئەپەندى دەھشەت ئىچىدە قالدى، ئىشنىڭ بۇ قەدەر قورقۇنچلۇق بولۇشىنى، مېنىڭ شۇنچىلىك غەزەپكە كېلىشىمنى پەرەز قىلالمىغاندى. ئورنۇمدىن دەس تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، بىلەكلىرىمنى تۇتۇۋالدى.

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، باللىق قىلما، دۇنيا دېگەن مۇشۇ. بۇ دۇنيادا بولمايدىغان ئىش يوق. . . باشقىلار ئۆيلىرىدە ئۆز خوتۇننى باشقا ئەر كىشىلەر بىلەن تۇتۇۋېلىپمۇ مۇنچىلىك غالجىرلىشىپ كەتمەيدۇ. بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىند-

چىكىلىك. . . دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مېنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشتى. ھەقىقەتنى ئاڭلاپ چۈشەنمەي تۇرۇپ ناسۇمى بەيىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىش توغرا بولمىغان بولاتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ھۆكۈمەت بىناسىدا باشلىقنى كۆزىتىپ يۈردۈم. ئىككى كۈن جىم ئۆتتى. 3-كۈنى ناسۇمى بەي چۈشتىن كېيىن ئىشقا كەلمىدى. مەلۇم ۋاقىت ساقلاپ تۇرۇپ ئاندىن ئۆيۈمگە قاراپ ماڭدىم، يانچۇقۇمدىكى ئاچقۇچ بىلەن چوڭ ئىشىكنى ئاچتىم، خۇداغا شۈكرى، ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى، پەلەمپەيلەرنى ئىككىدىن ئاتلاپ دېگۈدەك ياتىقىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم، ئىشىكنىڭ ئىچىدىن تاقاقلىق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. ئىشىكنى تېپىپ ئاچماقچى بولدۇم. لېكىن ئىشىك ئېتىك ئەمەس ئىكەن. قولۇم تېگىش بىلەنلا ئېچىلىپ كەتتى. ناسۇمى بەي يالغۇز ئىدى، ئايال تېخى كەلمىگەنىدى، بۇ ئۇنىڭ تەلىيى ئىدى. ئۆزىمۇ بۇنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشتىن ئوڭايلا قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلىسا كېرەك، ھودۇقۇش ئىچىدە:

—ۋاي، نەدىن چىقتىڭىز؟—دېدى.

—بۈگۈن بىر كىتاب لازىم بولۇپ قېلىپ كەلگەنىدىم، سىزگە ئۇچراپ قالدىم.

ئارىمىزدا تەكەللۇپ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ تېخىچە باشلىقلىق قىياپىتىنى كۆز-كۆز قىلاتتى. ناسۇمى بەيگە بىرنەرسە دېمەكچى بولدۇم، بىراق ئاۋازىم چىقمىدى. بىردىنلا ئۇستىنگە ئېتىلىپ گېلىنى سىقتىم، ئىككىمىز يومىداقلىشىپ كەتتۇق. ئۇ مەندىن گەۋدىلىك ئادەم ئىدى، بىراق چېنىقمىغاچقا كۈچسىز ئىدى. تېزلىكتە ئاۋازى بوغۇلۇپ، نەپىسى قىسىلىپ، يالۋۇ-

روشقا باشلىدى. ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغان ھاسىسى بىلەن ئۇرغان پېتىم توۋەنگە تارتىپ چۈشەردىم ۋە كوچا ئىشىكىدىن چىقىرىۋەتتىم، ئۇ پەقەتلا: ”يەنە كۆرۈشەرمىز!“ دىدى.

شۇ كۈنى كېچىدە راھەتلىنىپ ئۇخلىدىم، نېرۋىلىرىمدىكى جىددىيلىك يوقالغانىدى. ئۇ ھەيۋەتلىك ئادەم مېنىڭ ئالدىمدا ئەمدى رەزىل، لەنەتلىك بىرنەرسە بولۇپ قالغانىدى. ئەمما ئەتىسى ناسۇمى بەينى بۇرۇنقىدىنمۇ تەكەببۇر كۆرۈش بىلەن ھەيران قالدىم. ئىككى ۋە بوينىدىكى داغلار شۇ پېتى تۇراتتى. بۇ داغلارنى بىر قەھرىمان ئەسكەرنىڭ دۈشمەن بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشقان چاغدىكى يارىلىرى دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىر كۈن بۇرۇن ”ۋاي ئاللا“ دەپ يالۋۇرغان ئۇ رەزىل ئاۋاز بۇگۈن بۇرۇنقىدىنمۇ ھەيۋەتلىك چىقاتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كارىدوردا ئۇچرىشىپ قالغىنىمدا، ئەسلىدە كۈلكە ئارىلاش باشتىن-ئاياغ سەپسېلىپ چىقىشىم كېرەك ئىدى. بىراق ئەكسىچە، ئۇ ماڭا تاغلارنىڭ ئۈستىدىن قارىغاندەك زاڭلىق ئارىلاش قارىدى، مەن ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

*　　*　　*

بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە شۇنداق ئىشلەپ كەلدىم. ياش بىر خىزمەتچى ياخشى بىر ئادەم بولۇش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ئىشلارنى قىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ ماتېرىيال خالتامغا ”چىقىشالمايدۇ، ماسلىشالمايدۇ...“ دېگەندەك سۆز-لەر چۈشۈپ تۇردى. مېنىڭ زېيىنىم شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىسە مەيلىدى. روھىي جەھەتتىن بەكلا چۈشۈپ كەتتىم، كۆپ نەر-سىنى يوقاتتىم. بۈگۈنكى R ناھىيە باشلىقى تۈنۈگۈنكى ئاددىي

خىزمەتچىدىن شۇنچىلىك پەرقلىق ئىدىكى. . . ھالبۇكى ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتمىدى. بەلكى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى يولغا سېلىۋالارمەن. ھازىرغىچە بىر كىچىك خىزمەتچى ئىدىم، ئۇ-نىڭ-بۇنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق ئىدىم. . . بۈگۈندىن باشلاپ باشلىقلار قاتارىغا تىزىلدىم. بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئەركىنمەن. قىلغان ئىشلىرىمنىڭ بەدىلىگە شەخسىيىتىم ۋە غۇرۇرۇمدىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى قويۇشۇم مۇمكىن.

ھايات مېنىڭ ئۈچۈن بۈگۈندىن باشلىنىدۇ. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە زېدىلەنگەن، پارچىلانغان ۋەدىلىرىمگە تولۇق سادا-قەتمەن بولۇش ئەمدى ئۆزۈمنىڭ قولىدا.

15-نويابىر

R ناھىيىسىنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ھاۋاسى، سۇ-يى، مەنزىرىسى ياخشى. . . بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مۇھىمى ئا-ھالىسى ياخشى ئىدى. ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن تىنچ ياشايدىغان پەرىشتىلەردەك ئىنسانلار ئىدى. . . لېكىن خەلق قانچىلىك ياخشى بولسا، باشلىقلار شۇن-چىلىك پەسكەش ۋە مەنپەئەتپەرەست ئىدى. ئېنىقكى، ئاھالى-لارنىڭ يوۋاش بولۇشى ئۇلارنى ئەركىلىتىپ قويغان. . . باشلىق-لار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ھۆكۈمەتنى كونترول قىلىۋالغان، پۇت-قولىنى قاتتىق باغلاپ قويغان، ھاكىملارنىڭ مىدىر-سىدىر قىلىشقا مادارى يوق، قاتتىق تەشكىللەنگەن. . . ناھىيىگە يېڭى بىر ھاكىم كەلگەن ھامان ئەتراپىنى ئوراپ ئېلىشىدۇ. بۈگۈن بۇ يەردە، ئەتىسى ئۇ يەردە، قوزىلار، ھالۋىلار، ھاراقلار ۋە

سازلار بىلەن خۇددى سۈنئىتىمنى قىلغان بالىنى ئالدىغاندەك ئالدىشىدۇ، مېنىمۇ شۇنداق قىلىشتى: ”سىز ھاكىملىق ئورنىدا ئولتۇرسىڭىزلا، سىزنى بېشىمىزغا تاج قىلىپ تاقايمىز!“ دې- يىشتى. ھەرنېمە بولسا ۋەزىيەتنى تېزلىكتە مۆلچەرلىۋالدىم. ئۇلارنىڭ باشلىقلار ئەتراپىدا ئىشلىشىدىكى مەقسىدى، ھۆكۈ- مەت ئىشىغا، توغرىسى شەخسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. مەن شۇنداق قىلسام ناھىيىدە مەسئۇ- لىيەتسىز ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش بىرخىل سەلتەنەت قۇراتتىم. ھەتتا سەللا غەيرەت قىلسام باغ-باغچە ئىگى- سىمۇ بولالايتتىم. ئەمما مېنىڭ مەقسىتىم بۇ ئەمەس ئىدى. m ناھىيىسىدە ھاكىم بولۇپ تۇرغان بىر دوستۇمغا ئورنىمىزنى ئالماشتۇرۇش تەكلىپىنى قويدۇم. ئۇ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.

بۈگۈن يېڭى ئىشىمنى باشلىۋەتتىم. m ناھىيىسى بەكلا تاشلىنىپ كەتكەن، كەمبەغەل، ئارقىدا قالغان بىر يەر ئىدى، مەن ئۈچۈن ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان دىيار... بۇ بەلكى بالىلارچە قاراشتۇر، پەلسەپە كىتابلىرىدا زادىلا تېپىلمايدۇ، بىراق مەن بەختىمنى ئىككىگە بۆلىمەن، باشقىلاردىن ئېلىنغان بەخت، باشقىلارغا بېرىلىدىغان بەخت، مېنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي بەخت باشقىلارغا بېرىلىدىغان بەختتۇر.

بۇ يەر كەمبەغەل، ئىنتايىن ئارقىدا قالغان يەر... دې- مەك، بۇ يەردە ئىنتايىن كۆپ ياخشىلىق ۋە ئىنتايىن كۆپ خىزمەت قىلالايمەن، قىسقىسى، ئىنتايىن بەختلىك بولالايمەن.

2-فېۋرال

m ناھىيىسىدە زور غەيرەت ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئىشلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق ئۇنداق قىلالمىدىم، بۇ يەردە سۇ يوق ئىدى، خەلقى سېسىپ كەتكەن بىر پاتقاقلىقتىكى سۇنى ئىچەتتى. بەش ياشقىچە بولغان بالىلار ئارىسىدا دەھشەتلىك تولغاق كېسەلى تارقالغانىدى، ھەر كۈنى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مەسچىتكە بىر-ئىككى سەبىي بالا جىنازىسى كېلەتتى. ھۆكۈمەت دوختۇرى: "بۇ ناھىيىگە ئىچىدىغان پاكىز سۇ كەلمىگۈچە بۇ ئۆلۈملەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ" دەيتتى. ۋىلايەتكە، شەھەرگە... ئىشقىلىپ ھەممىلا يەرگە باردىم، ئىلتىماسىمنى تەستىقلايدىغانلار چىقمىدى. بىراق ئىشلار زادىلا يۈرۈشمەيتتى. كىچىككىنە بالا تاۋۇتلىرى پەنجىرەمنىڭ ئالدىدىن داۋاملىق ئۆتۈپ تۇراتتى. نېرۋىلىرىم قاتتىق بۇزۇلغانىدى. بۇ جىنازىلارنى كۆرگەنسېرى نەپىسىم قىسىلاتتى. كۆكسۈمنى مۇشتلاپ: "قاتىل... سەن قاتىل... بۇلارنى سەن ئۆلتۈرۈۋاتىسەن... قېنى ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىمەن دېگىنىڭ؟" دەپ سۆزلەپلا كېتەتتىم، ھەتتا بەزىدە ھۆكرەپ يىغلاپ كېتەتتىم. ئاخىرى مەن تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمى كەلدى، دەرھال ئىش باشلىۋەتتۇق. بىر يېرىم ئاي كېچە-كۈندۈز ئىشلىدىم. مەدىكارلارنىڭ ئىچىدە توپا-چاڭلارغا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقىنىمنى كۆرگەنلەر مېنى "مەدىكارلار بېشى" دەپ ئاتاشتى.

تەقدىر مېنى مەنسەپدارلىقتىن پادىشاھلىق تەختىگە چىقارسىمۇ خەلقنىڭ زاكىلىق قىلىپ بەرگەن "مەدىكار بېشى" دېگەن ئىسمىدەك خۇشال قىلمىغان بولاتتى...

پۇل تۇگىگەنسېرى ناھىيەنىڭ بايلىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەيتـ
تىم، تىلەمچىلەردەك ئىئانە توپلايتتىم، ياكى قەرز تەلەپ
قىلاتتىم.

بىر كۈنى يەنە مەدىكارلار بىلەن بىللە پاتقاقتا مىلىنىپ
ئىشلەۋاتاتتىم، بىر ماشىنىدا ئىنتايىن پاكىز كىيىنگەن ئىككى
ئەپەندى كەلدى. ئۇلار مۇپەتتىشلەر ئىكەن. مېنى شۇ زامان
ئىشتىن توختىتىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى. گۇناھىم بىر
ئەمەس، ئىنتايىن كۆپمىش. قۇرۇلۇش ھەققىدىكى دوكلات خاتا
بوپتۇ. چارە-تەدبىرلەر جايىدا بولماپتۇ، ۋاقىت توغرا ئۆلچەنمەپـ
تۇ، غەيرىي قانۇن يوسۇنىدا چەكتىن كۆپ پۇل ئىلىنىپتۇ.
ئاھالىلارغا بېسىم ئىشلىتىپ پۇل توپلاپتىمەن، بەزى سۇيىئىسـ
تېمالچىلار ئۇچۇن پۇرسەت يارىتىپ بېرىپتىمەن ۋەھاكازاـ
لار . . . ئەمما مۇپەتتىشلەر ئىچىدە ئادىمىي-ئىنسانلارمۇ بار ئىـ
دى. ئەگەر ئۇلار خالىسا مېنى تەكرار خىزمەتكە ئىلىنماسلىق
شەرتى بىلەن دۆلەت خىزمىتىدىن قوغلاتقۇزۇۋېتەتتى. خېلى
يىللار سوتلاردا، تۈرمىلەردە سۆرۈلۈپ يۈرگەن بولاتتىم. ئۇلار
مېنىڭ گەپلىرىمنى دىققەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ئاڭلاشتى. ئاـ
خىرى مېنى ئەڭ ناچار بىر ناھىيىگە يۆتكەشنى قارار قىلىشتى.

بۈگۈن يېڭى خىزمىتىمنى S ناھىيىسىدە باشلىدىم. ماڭا
خىزمىتىمنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھاكىم: ”سىزگە مۇۋەپپەقىيەت
تىلەشنىڭ ئۆزى سىزنى قاغاش دېگەن گەپ بولىدۇ . . . ئاللا
دۇنيانىڭ مۇشۇ جەھەننىمىدىن ياخشىلىقچە قۇتقازغاي!“ دېدى.

بۇ سۆزلەرگە مۇرەممنى قىسىپ قويۇپلا جاۋاب بەردىم.
قانداقلا بولمىسۇن مەن بەختلىك ئىدىم. چۈنكى ئەمدى پەنجىـ

رەمنىڭ ئالدىدىن مېنىڭ كاساپىتىمدىن ئۆلگەن باللارنىڭ جىنازىسى ئۆتمەيتتى. . .

ھەربىر يېڭى خىزمىتىمنى باشلىغاندا ۋەدىلىرىمنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىش، قەسەملىرىمنى يېڭىلاش مەن ئۈچۈن بىر ئادەتتۇر.

مانا ھازىرمۇ شۇنداق قىلدىم. ”ۋىجدانىمنىڭ ئاۋازىنى ھەر زامان ئاڭلايمەن“ دېگەن جۈملىنى ئوقۇۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. ئاخىرى پالاكىتىمنىڭ سەۋەبى ۋىجدانىمنىڭ ئاۋازىغا ئىتائەت قىلغانلىقىم ئەمەسمىدى؟ ۋىجدانىم ماڭا: ”سۇسىزلىقتىن ئۆلۈۋاتقان باللارغا ھېچ نەرسىگە قارىماستىن سۇ بېرىشىڭ كېرەك!“ دېگەنىدى. مەنمۇ بۇ بۇيرۇققا بويسۇنۇش ئۈچۈن خىزمەتتىن ئايرىلىش، سوتلاردا تەمتىرەپ يۈرۈشلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم. دېمەك مەن مىكروسكوپتا كۆرۈنگەن بىر قەھرىمان ئىدىم. ئۆزۈمنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ خۇددى چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى، يوقىرى ئۆرلەۋاتقانلىقىمنى كۆرەتتىم، ئەمما مەسخىۋشلۇق ئۆز ۋاقتىدا داۋام قىلمىدى.

پىلانىمنىڭ باشقا بىر ماددىسىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدا ”قانۇنغا دائىم رىئايە قىلىمەن“ دېيىلگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ سۇ مەسىلىسىدە قاراپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئاپ-ئاشكارا ئىدى. ئۇنداقتا مەن ۋەدىلىرىمدىن بىرنى ئۇرۇندايمەن دەپ باشقا بىرىنى چەيلەپ ئۆتۈپتىمەن. ھەممىدىن يامىنى بۇ ئىشلار دائىم تەكرارلىنىپ تۇراتتى. پىلانىمدىكى بۇ ئىككى ماددا بىر-بىرىگە زىت كېلەتتى. شۇنداق ئىشلارمۇ بولى-

دۇكى: ۋىجدان ”قىل“ دېگەندە قانۇن ”قىلما!“ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. قانۇن تەلەپ قىلغان بەزى ئىشلار ۋىجدانغا تاقىشىدۇ. بۇ ئەھۋالدا نېمە قىلىش كېرەك؟

ئىيۇن

مەملىكەتنىڭ پەقەت ئىلىم ۋە مەرىپەت بىلەنلا گۈللىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈچىلەردىنمەن. بۇ مېنىڭ مەكتەپتىكى چاغلىرىمدىن تارتىپ ئەڭ تەۋرەنمەس بىر قارىشىم ئىدى. ھەتتا مەلۇم ۋاقىت دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ مۇئەللىم بولۇشنىمۇ ئويلىغانىدىم. ئەمما مەمۇرىي خىزمەتچىلەرنىڭمۇ مائارىپقا كۆپ پايدىسى تېگىشى تۇرغان گەپ. . .

ھاكىملىق مەنسىپىم بىلەن كۆزدىن كەچۈرگەن يەرلەردە مۇئەللىملەر ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە دائىم: ”مەن مۇقەددەس ئارمىيە، سىلەرنىڭ پىدائىي ئەسكەرلىرىڭلاردىن، ھەرقانداق بىر ئىشتا بېشىڭلار قاتتاندا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىڭلار، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشكە تەييارمەن“ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ كەلدىم. بۇلار مەن ئۈچۈن ”قۇرۇق گەپ“ ئەمەس ئىدى. ۋەدەمگە ئىمكانقەدەر سادىق بولىمەن. ئەمما ئارمىيەمۇ ئىنتىزامسىزلىقىقا قەتئىي يول قويماسلىقى كېرەك. ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەخسى مەنپەئەتنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن. بولۇپمۇ ئەخلاقسىز ئادەملەرنىڭ ۋەزىپىسىدە بىر مىنۇتمۇ تۇرماسلىقى شەرت (زەھرا دادىسىنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ ساراڭ بولاي دەپ قالدى. ”بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ پىكىرلىرىمغۇ“ دەيتتى. چۈش كۆرۈۋاتمىغانلىقىغا ئىشىنىش ئۈچۈن قەغەزنى سىلاپ قوياتتى.

كېيىن مېڭىسىگە باشقا بىر ئوي كەلدى: ”ئەجەب مەن ۋىجدانىم بىلەنلا ئەمەس، روھىم ۋە پىكىرلىرىم بىلەنمۇ بۇ ئادەمنىڭ قىزىمەنمۇ؟“ دەپ مەلۇم ۋاقىت خاتىرىنى ئوقۇشتىن توختاپ قالدى). ئىشىمنى باشلىغان ھەپتە ئىچىدە 40ـ50 ئىمزا قويۇلـ غان بىر ئىلتىماس كەلدى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرىنىڭ بىرى ئۈستىدىن مۇنداق شىكايەت قىلىنغانـ دى: بەكمۇ نادان، نېرۋىسى بۇزۇق بىر قېرى ئىكەن، بۇنى ئاز دەپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان مىجەزى بار ئىكەن. توختىماسـ تىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ پۇل سورايدىكەن. . . كەچقۇرۇنلىرى سېۋەتنى ئېسىپ كوچىلاردا يۈرىدىكەن. ئاشلىق دۇكىنى، باققاللارنىڭ، كۆكتاتچىلارنىڭ ئالدىغا كېـ لىپ: ”بالىلىرىڭلارنىڭ ئۇستازىمەن. . . ماڭا ياردەم قىلىش سىلەرنىڭ بۇرچۇڭلار“ دەيدىكەن. ئۇلاردىن بىر سىقىم گۇرۇچ، بىر تۇپ پالەك ئالماستىن كەتمەيدىكەن. مەكتەپتە دەرس ۋاقتىدا سىنىپتىن چىقىپ بالىلارنىڭ سېۋەتلىرىنى ئاختۇرۇپ توقاچلىـ رىنى، تۇخۇملىرىنى ئېلىۋالىدىكەن. مەندىن بۇرۇنقى ھاكىمغا نەچچە قېتىم مۇراجىئەت قىپتۇ، يۇمشاق كۆڭۈل بوۋاي بولغانـ لىقى ئۈچۈن ئۇنى زادىلا ئىشىدىن بوشىتىشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ.

”ئۇنداق قىلماڭلار، ئىشىدىن ھەيدىمەڭلار، ئۇ كەمبەغەل شۇنداقلا ئاجىز بىر بەندە ئىكەن. ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە ئۇۋالى بىزگە بولىدۇ، ھەم بىر خىزمەتچىنى ئارسىز مىجەزلىك دەپلا ئىشىدىن چىقىرىۋېتەلمەيمىز. . . مېنىڭچە بولارنىڭ ھەمـ مىسى ئۇنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتىدىن كېلىپ چىققان. خوپ، مەن ئۇنى چاقىرىپ تەنبىھ بېرىپ قوياي“ دەپلا ئاھالىنى كەتكۈزۈۋې

تېپتىكەن. . . ئىلتىماسنى ئېلىپ كەلگۈچىلەر ماڭا ئۆز ۋۇندىن ئۆز ۋۇن ئىزاھات بېرىشتى. شۇ ھامان مەكتەپكە يۈگۈردۈم. مەكتەپ بىناسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەممۇ، بالىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىن تېپىۋالاتتىم. ئاھالىنىڭ بۇ شىكايەتنى قىلىشتا قانچىلىك ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن پەقەتلا مەكتەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش ۋە ئىچكىرىگە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇش كۇپايە قىلاتتى. ئىككى چوڭراق ئوقۇغۇچى، يۈز-كۆزى پاتقاق، قوللىرى قان بىر كىچىك بالىنى سۆرەشتۈرۈپ مەكتەپ-كە ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا كىردىم. بالىلار سىنىپنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەن ئىچكىرىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. بۇ غەلىتە ئاۋازلار ئىچىدە كانىيى بوغۇلۇپ قالغان مومايلارنىڭ ئاۋازىدەك يىرگىنچلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— تۇتۇپ كەلدىڭلارمۇ لوكچەكنى؟ ئاپىرىن بالىلار. . . سەن ئۆزۈڭچە مېنى قېرى، قوغلاپ يېتىشەلمەيدۇ دەپ قاچ-تىڭ-ھە؟ مانا ئەمدى سەن قىزىلچا مۇراببا سىنى يېگىن، ئاغ-زى-بۇرنۇڭ بويالسۇن. . . ھەي كاپىر ئەبلەخلەر، ھاسا تايىقىم-نى ئوغرىلاپ كېتىپسىلەر، ھەي بالا، تاياق قېنى؟ قايسىڭلار ئالغان بولساڭلار بېرىڭلار، خۇدا ھەققى ئۇرمايمەن. قەسەم قىلىپ بېرەي، ئۇرمايمەن. تېخى بىر ماختاش بەلگىسى يېزىپ قويىمەن. . .

بوۋاي مېنى كۆرۈش بىلەنلا ھودۇقۇپ كەتتى. ھېلىقى مومايلارنىڭ بوغۇق ئاۋازىدەك ئاۋازى بىلەن: ”ئىنشائاللا، ياخ-شى ئىش ئۈچۈن كەلگەنسەن، خەيرلىك بولغاي“، دەپ ۋارقىرى-

دى. كېيىن دەرسخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ تۇرغان باللار توپىنىڭ ئارىسىدىن ماڭا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. رېماتىزىم ياكى باشقا بىر كېسەل سەۋەبىدىن كىرىشىپ ماڭالمىغانلىقى ئۈچۈن يۈگۈرگەندە خۇددى ئورنىدا سەكرەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. قېرىلىقتىن دۈمچىيىپ كەتكەن دۈمبىسى ئېگىز-پەس ھەرىكەت قىلاتتى. ئىشقا چۈشكەن بىرىنچى كۈنۈم بەزى يەرلىك خەلق مېنى تەبرىكلەپ كېلىشكەنىدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ قېرى بوۋاينى كۆرگەندەك قىلغانىدىم.

—ۋاي ئەپەندىم، سالامەت كەلدىڭىزمۇ؟ ھاكىم ئەپەندى ئوغلىمىز. . . مەكتىپىمىزگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلدىڭىز. بىز قېرىپ قالدۇق، سىز تېخى ياش، ئەمما سىز بىزنىڭ باشلىقىمىز، دادىمىز، غەمگۈزارىمىز. . . دېگەندەك مەنىسىز سۆزلەر بىلەن قوللىرىمنى، ئېتەكلىرىمنى سۆيۈشكە ھەرىكەت قىلاتتى، كۈلەتتى، يۆتىلەتتى. ھەرخىل قىلىقلارنى قىلاتتى. تىزلىرىمنى تۇتۇپ مېنى مەجبۇرىي ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ئوقۇغۇچىلار مارشى باشلاپ بەردى. باللارنىڭ ھەربىرى ھەرخىل پەدىدە چىرقىراق، دەھشەتلىك پەريادلار بىلەن ۋارقىرىشاتتى. بوۋاينىڭ ھېلىقى بوغۇق ئاۋازى ھەم ئۇلارغا قوشۇلاتتى.

بۇ بوۋاي مېڭىسى يوق تەلۋىلەردەك كۆرۈنگەن بىلەن ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ھاكىمنىڭ كۈتۈلمىگەن زىيارىتىدىن يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ھېس قىلاتتى، قورقاتتى. كىچىك كۆزلىرى پىلدىر-پىلدىر قىلاتتى.

مارش ئوقۇلۇۋاتقان چاغدا باللارنى تەرتىپلىك بولۇشقا،

ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇشقا ئۈندەيتتى. ئۆزىچە ماڭا تۇيدۇرماستىن باللارنىڭ بەزىلىرىگە ئاستاغىنە تەلىم بېرىپ قويدى. ھەتتا ئارقا رەتتىكى ئىككى شوخ بالىغا ”ھەي، جىم تۇرۇڭلار، مېنى نېنىمدىن ئايرىپ قويمىسىلەر!“ دەپ پىچىرلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

بۇ تەلۋىنىڭ كۈلكىلىك ئىشلىرىغا كۈلۈش كېرەكمۇ، ياكى ئېچىنىش كېرەكمۇ؟ زادىلا بىلەلمىدىم. چوڭقۇر بىر خۇرسىنىپ قويدۇم. ئۇ يېنىمغا يېقىنلاشقانسېرى بەدەنلىرىم تىكەنلىشەتتى. قولى تېگىپ كەتسە پاسكىنىلىشىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن مەكتەپتە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. لېكىن بۇ تەلۋىنىڭ قولىدىن دەرھال قۇتۇلالمىدىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولدى، چوڭراق ئوقۇغۇچىنى چاقىردى. ئاللانىڭ، پەيغەمبەرنىڭ، پۈتۈن ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ، پادىشاھلارنىڭ ۋە مېنىڭ دۇئايىمنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئوقۇتقان نەرسىلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن قىرائەت قىلدۇردى. بۇ چاغدا باللارنىڭ ھەممىسى: ”ئۇ ئىستانبۇلدىكى مەكتەپتىن كەلدى، بۇلارنى بۇ يەردە ئۆگەنمىگەن“ دېيىشىپ ۋارقىراشتى. بۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ سىرتقا چىقىۋالدىم. ئۇ تەلۋە ئارقامدىن يۈگۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق يېتىشەلمىدى. سەللا بۇرۇن مەكتەپتىن قاچقان كىچىك كەپسىز بالىغا قىلغاندەك ئارقامدىن چوڭ باللارنى ھۇجۇمغا كۈشكۈرتمىدى.

بۇ ئىشتا ھېچقانداق ئىككىلىنىشكە بولمايتتى. دەرھال

ۋىلايەتكە ئومۇمىي ئەھۋالنى يازدىم ۋە بۇ قېرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋەتتىم. بۇنداق قىلىشىم ئۈچۈن باشقا سەۋەب بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قېرىپ قالغانلىقى يېتەرلىك سەۋەب بولالايتتى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن بۇ قېرىنى ئەتراپىغا چوڭ-كىچىك بەش بالىنى يىغىۋالغان ھالدا ئىدارىنىڭ ئالدىدا كۆرمەسمەنمۇ.

—غەمخورچۇم. . . سىنىڭ ئالدىڭغا نەۋرىلىرىمنى ئېلىپ كەلدىم، بۇلارنىڭ ئاللادىن ۋە مەندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. ئەمدى يالغۇز دادىسى سەن. مېنىڭ قولۇمدىكى ناننى تارتىۋېلىش —سەبىي بىچارىلەرنى ئاچ قويۇش دېگەن گەپ، —دەپلا پۇتلىرىمغا باش قويدى. تىزلىرىمغا ئېسىلدى. بالىلارنىمۇ ئۆگىتىپ قويغان بولسا كېرەك، ئەتراپقا ئولىشىپ:

—ھاكىم دادا، بىزنى ئاچ قويما، بوۋىمىزنى ئىشىدىن چىقىرىۋەتمە، —دەپ چۇرقىراشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىققىچە بولغان ئارىلىقتا ئاق بىلەن قارىنى پەرق قىلىۋالدىم. بۆلۈمگە كىرگەن چېغىمدا پۈتۈن بەدىنىم تىترەيتتى. قازا بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەملەر مېنىڭ مۇشۇ مىنۇتتا ھېس قىلغانلىرىمنى ھېس قىلالايدۇ، دەپ پەرەز قىلىمەن.

قېرى مۇئەللىم ئۈچ كۈن ئەتىدىن-كەچكىچە ئىدارىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا كەلدى، چوڭ-كىچىك شاگىرتلىرى بىلەن نامايىش قىلدى. 4-كۈنى ساقچىلارغا دەپ ئۇلارنى قوغلاتتىم. بىراق ئۆيۈمدە تاماق يەپ ئولتۇرغىنىمدا، ئالدىمدا قاتار-قاتار تىزىلىپ تۇرغان بوينى پۈكۈك بالىلارنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقىنىمدا شۇ بالىلارنىڭ ”ھا-

كىم دادا، ئاچ قالدۇق، نېنىمىزنى تارتىۋالما!" دەپ ۋارقىراشقان ئىنچىكە ئاۋازلىرى قۇلىقىمدىن كەتمەيتتى. ئەمدى مەن بۇلاردىن قايسى ساقچىغا مۇراجىئەت قىلىپ قۇتۇلاي؟... ئىشلار بۇنىڭ بىلەن بېسىقىپ قالمىدى. دۇنيادىكى ئىشلاردىن پەرۋايى پەلەك بۇ قېرىنىڭ ھازىر "مەن بىر پېشقەدەم مۇئەللىمەن. مېنى خىزمەتتىن ھەيدىۋەتمە، ماڭا رەھىم قىلىڭلار!" دەپ بويىنىغا ئەسكى خالتا ئېسىپ، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇنداق تەلۋە، نادان، ئەخلاقسىز، تەربىيەسىز بىر مۇئەللىمنى ئىش ئورنىدا ساقلاپ قالالمايتتىم. قانۇنمۇ، ۋىجدانىممۇ بۇ ئادەمنى ئىشتىن بوشىتىش بۇيرۇقىنى بېرىۋاتاتتى. بۇ بۇيرۇقنى ئورۇندىدىم. ئەسلىدە بۇ ئىشتىن خۇشاللىق ھېس قىلسام، ئۆز-ئۆزۈمدىن رازى بولسام بولاتتى. ھالبۇكى، بۇنىڭ ئەكسىچە قەلبىمدە بىرخىل ئاغرىش ھېس قىلاتتىم، ئۆز-ئۆزۈمدىن يىرگىنەتتىم.

شۇنى چۈشەندىمكى، بەزى-بەزىدە ئەڭ زور مەنپەئەتلىرىنى، ھاياتىمنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان روھىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكۈمگە قارىماستىن مەن يەنىلا زەئىپ بىر ئادەممەن. مەن ھېچقاچان ياخشى خىزمەتچى بولالمايمەن.

دىيارباقىر، 1-مارت.

دەپتىرىمگە يېزىلغان ئاخىرقى خاتىرىنىڭ ۋاقتىغا قارىدىم، ئارىدىن تۆت يىل يەتمىش بەش كۈن ئۆتۈپتۇ.

تۆت يىل يەتمىش بەش كۈن ئاز ۋاقىت ئەمەس، لېكىن مۇشۇ ۋاقىت جەريانىدا بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسلىگىنىمدە: "بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنچىلىك ۋاقىتتا قانداقمۇ

سىغقاندۇ؟“ دەپ ھەيران قالىمەن. شەرقىي ۋىلايەتلەردە مەن كەزمىگەن، كۆرمىگەن يەر قالمىدى. بىرنەچچە قېتىم ئىشتىن بوشىتىلدىم. بىر قېتىم تۆھمەتكە ئۇچرىدىم، پارىخورلۇق بىلەن ئەيىبلىنىپ سوتقا بېرىلدىم. بىر قېتىم مۇتەئەسسىپلەر ئىچىدە چىققان ۋەقەدە مېنى دىنسىز دەپ ئەيىبلەپ چالما-كېسەك قىلغىلى تاسلا قالدى. بىر قېتىم قاراقچىلار تەرىپىدىن تالان-تاراج قىلىندىم. بىر قېتىم ياردىن يۇمىلاپ چۈشتۈم، ئېتىم ئۆلدى، خۇداغا شۈكرى، ئۆزۈم ساق قالدىم. ھازىر بۇ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقىتلىرىنىمۇ بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويىمەن.

ئاخىرى بۈنىڭدىن 19 ئاي بۇرۇن باش كاتىپ بولۇپ تەيىنلىنىپ دىيار باقىرغا كېلىپ ماكانلاشتىم. مەن بايىلا ”مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنچىلىك ۋىقىت-قا قانداقمۇ سىغقاندۇ؟“ دەپ ھەيران قالغانىدىم. مانا ئەمدى: ”شۇنچىلىك ۋاقىت ئىچىدە مەن قانداق قىلىپ مۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتكەندىمەن؟“ دەپ ئويلاپ كەتتىم. شۇنداق، مەن ھازىر تامامەن باشقا بىر ئادەممەن. بىر بۇرجەكتە ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنى ئۇنتۇشتىن، ئوي ئويلاشتىن باشقا نەرسىنى خالىمايتتىم.

بەش-ئالتە يىل بۇرۇن ئاجايىپ، قالتىس چۈشلەر بىلەن ئىستانبۇلدىن يولغا چىققان، ۋەقەلەرنى ۋە ئادەملەرنى بۇرۇنقى يۈنىلىشتىن قايتۇرۇشنى پىلان قىلغان نادان بالىغا ھازىر كۈلەتتىم ۋە ئېچىناتتىم.

ئۆتكەن يىلى كۈرت قەبىلىلىرىدىن بىرى ئىسيان كۆتۈردى. مەن تۇرغان ناھىيىنىڭ مەركىزىنى بۇلىماقچى بولۇشتى. ناھىيىدىكى ساقچى ئەترىتى يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ياردىمى بىلەن

ئىسيانچىلارنى قوغلاپ چىقاردى، بۇ غەلىبىنىڭ مەن ئۈچۈن پايدىلىق تەرەپلىرى بولدى.

ئىچكى ئىشلار نازارىتى مېنى مۇكاپاتلىماقچى بولدى، ئەگەر مەن خالىسام خېلى چوڭ ھوقۇقلۇق مەنسەپكە ئىگە بولغان بولاتتىم. بىراق مەن ئىنتايىن ھارغىن ۋە ئۈمىدسىز ئىدىم. يۇقىرىدا دېگەندەك بۇ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنى ئۇنتۇشتىن، ئۆي ئويلاشتىن باشقا ئارزۇيۇم يوق ئىدى. يەنىلا دىيارباقىرنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى تەلەپ قىلدىم. بۇ، ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى ئاز ئىش ئىدى. ھازىر مەن ياش تۇرۇپلا ئارام ئېلىشقا چىققاندەك بولۇپ قالدىم، ھېچ نەرسىگە ئارىلاشمايتتىم. باشقىلارغا قىلىنغان كەمسىتىش ۋە ناھەقچىلىقلارنى بىلىپ تۇرساممۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقمايتتىم. چوڭلار بىلەن ياخشى ئۆتەتتىم، كىچىكلەرنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىغا مۇمكىنقەدەر كۆز يۇماتتىم، ھېچكىمنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغانلىقىم، ھەممە ئادەمنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قوللىغاندەك كۆرۈنگىنىم ئۈچۈن ماڭا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بولمايتتى. قىسقىسى، مەن جانسىز ۋە كەم سۆز بىر ئادەم بولۇپ قالدىم. ئەمما راھەتلىنىپ قالدىم. كۈندۈزلىرى بۆلۈمدە ئۇخلاپ ئولتۇراتتىم، كۆپىنچە مېنى ئىزدەپ كەلگەن تونۇشلار بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشاتتىم. كەچقۇرۇنلىرى ئىدارىدىن چىقىپلا خىزمەتچىلەر قەھۋەخانىسىغا بېرىپ بىر-ئىككى قول بىليارت ئوينايتتىم. ئىچىملىك ئىچىش ۋاقتى كەلگەندە بىرنەچچە قەدەھ شاراپ ئىچەتتىم، ئارقىدىن ئىشتىھا بىلەن تاماق يەيتتىم ۋە راھەتلىنىپ ئۇيقۇغا كېتەتتىم. بۇ خىل ھايات پروگراممام بەزىدە

بولىدىغان ئولتۇرۇشلاردا ئۆزگىرىپ قالاتتى. هاراققا ئۆگىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە نارازى ئىدىم. لېكىن كەچقۇرۇنلىرى ئىختىيارسىز ئادەمنى بىرخىل غېرىپلىق بېسىپ كېتەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن: ”بۇ بىر كۈنۈم تۈگىدى، ئەمدى قالغان كۈنلىرىممۇ مۇشۇنداق ئۆتەرمۇ؟“ دەپ قايغۇلۇق ئويلارغا چۆمەتتىم. بەزىدە بۇ خىل ئاجايىپ ئاغرىققا هاراقتىن باشقا شىپا بولمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. گەرچە باشقا چارىلەر بار بولسىمۇ، يېزىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئويلاشقىمۇ جاسارەت قىلالمايتتىم. مەيلى شۇنداق بولۇپ تۇرسۇن...

دىيارباقىر. 2-ئاپرىل

بىر ئاي بۇرۇنلا ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىش بۈگۈن بىردىنلا ھەقىقەتكە ئايلاندى. مەن ئۆيلەنمەكچىمەن... ئەمدى بويتاقلار ئۆيىدە لاغايلاپ يۈرمەيمەن. پاكىز بىر ئۆيۈم، ئارزۇ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغۇدەك چىرايلىق ۋە ياخشى بىر خوتۇنۇم بولىدۇ...

مەن ئىشقا كىرگەن، ئۆزۈمنىڭ نېنىنى ئۆزۈم تېپىپ يېگەن كۈنۈمنى ئەڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاب كۈنۈم دەپ ھىسابلىغان ئىدىم. ئاھ بالىلىق! ئۆزۈمچە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بەختكە ئېرىشكەندەك، تۇرمۇشنى خالىغانچە داۋاملاشتۇرالايدىغاندەك ئىدىم. بىر ئادەم بىر دۇنيا بىلەن قانداق مەشغول بولالايدۇ؟ هالبۇكى، ھازىر بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقەمنى ئاساسەن ئۈزمەكچىمەن. ئۆزۈمنى كىچىككىنە ئائىلەمنىڭ بەخت-سائادىتىگە بېغىشلايمەن، ھازىرچە ئۆيۈمدە ئۈچ كىشى بولىدۇ. پەرىلەردەك

پاكىز، مۇلايىم خوتۇنۇم، تارتقان پۈتۈن ئازابلارغا قارىماستىن يەنىلا پەرىشتىلەردەك ساپ ۋە نومۇسچان قېلىنانام. . . بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئارىمىزغا بەلكىم بىر-ئىككى كىچىك بالىمۇ قوشۇلۇشى مۇمكىن. . . قىسقىسى، قانچىلىك كۆپەيسىمۇ ئەزا-لىرىنىڭ سانى بەش-ئالتىدىن ئاشمايدىغان بىر كىچىك جەمئى-يەت. . . مەن قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنى بەختلىك قىلالايمەن. دېمەك، مېنىڭ ئۈچۈن ئەسلى هايات مانا ئەمدى باشلاندى. دىيارباقىردا فادىل ئەپەندى دېگەن بىر مالىيە باشقارما باشلىقى بار ئىدى. يوۋاش، مۇلايىم ۋە مەدەنىي ئادەم ئىدى. ئىككى هەپتە بۇرۇن ئىدارىدە قاتتىق ئاغرىقى تۇتۇپ كەتتى. 10 مىنۇت-تەك هوشسىز ياتتى. كېيىن ئاستا-ئاستا هوشىغا كەلدى، بىچا-رىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ماشىنا چاقىرتقانىدىم. قولۇمغا ئېسىلىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ تۇرۇپ قالدى:— ئوغلۇم مۇرشىد ئەپەندى، ئۆزۈمنى ئىنتايىن يامان هېس قىلى-ۋاتىمەن، مېنى يالغۇز كەتكۈزمەڭ، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ، — دېدى.

ماشىنىغا بىللە چىقتۇق، ئورۇندۇققا يۆلىنىشى بىلەن نە-پىسى قىسىلىپ كەتتى. بېلىدىن تۇتۇپلا قۇچىقىمغا ئالدىم، بېشىنى مۈرەمگە قويدى. ماشىنا ئوڭغۇل-دوڭغۇل يوللاردىن ئۆتكىچە سىلكىنىپ كەتكەندە: ”قانداقراق، بىر يېرىڭىز ئاغرى-ۋاتامدۇ؟“ دەپ سوراپ قوياتتىم. بېشى بىلەن ”ياق“ ئىشارىتى-نى قىلاتتى. لېكىن يۈزىگە، ئاقىرىشقا باشلىغان ساقاللىرىغا توختىماستىن ياشلىرى ئاقاتتى.

بازارغا كېلىشى بىلەن ئېسىگە كەلدى. چوڭقۇر بىر تىنى-

ۋالغاندىن كېيىن كۆلۈمسىرەپ:

—خۇداغا شۈكرى دەڭ مۇرشىد ئەپەندى، ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى! —دېدى قايغۇلۇق تەبەسسۇم بىلەن ۋە يەنە شۈنى قوشۇمچە قىلدى:

—ئۆلۈم ئۈنچىلىك قورقۇپ كەتكۈدەك نەرسە ئەمەس. . . لېكىن بالىلىرىم. . .

كۆزلىرىگە يەنە ياش كەلدى.

—قارىڭە، سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىزنى. . . ئەگەر ئازراق ۋاقىت ھوشىدىن كەتكەن ئادەمنىڭ ئۆلۈشى كېرەك بولسا، بۇ دۇنيادا بىرمۇ ئادەم قالماس ئىدى، —دەپ چاقچاق قىلدىم.

ماشىنا سەللا ماڭغاندىن كېيىن بىر مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، فادىل ئەپەندىنىڭ ئۆيى بار تار كوچىغا قايرىلغانىدى، ئۇ كىشى يەنە ئۆزگىرىپ قالدى. نەپەس ئالالمايتتى، قوللىرى بىلەن ياقىسىنى تارتاتتى، ۋارقىراش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچاتتى، بىراق ئاۋازى چىقمايتتى. ماشىنا ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى، بىرى ئىشىكنى چەكتى، بىرنەرسىلەر دەپ ۋارقىرىدى. چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بىر ئايال بېشىغا بىر لۆڭگىنى ئارتىپ ئالدىغا چىقتى. ماشىنىنىڭ پەنجىرىسىگە يۈگۈرۈپ كەلدى:

—خۇدا ھەققى دەڭا. . . كېسىلى ئېغىرمۇ؟ —دەپ يالۋۇردى. مەن مىدىر-سىدىر قىلالمايتتىم، جاۋاب بېرەلمەيتتىم، پەقەتلا بەدىنىم بىلەن پەنجىرىنى توسۇپ تۇرۇپ، ئارقىدا ئاغزىدىن قىپقىزىل قان ئارىلاش كۆپۈك چىقىپ تۇرغان ئۆلۈكنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشاتتىم.

كوچىدا دەھشەتلىك پەرياد ئاڭلاندى. ئەتراپ باشلىرى ئو-
چۇق، چاچلىرى چۇۋۇق ئاياللار، يىرىم يالىڭاچ باللار بىلەن
تولۇپ كەتتى. شۇ مىنۇتلارنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنتال-
مايمەن، سەپداشلىق ۋەزىپەم بۇ يەردە ئاخىرلاشمايتتى. ئۆلۈك-
نى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردىم. ئورنىغا ئۆز قولۇم بىلەن
ياتقۇزدۇم، كۆزلىرىنى يۇمدۇردۇم. مەسىللەردە ئادەملەر ئۆز
سۆيگەنلىرىنى تۇنجى قېتىم باغۇ-بوستان ۋە سۇ بويلىرىدەك
گۈزەل يەرلەردە ئۇچرىتاتتى. بىراق مەن سۆيگەن ئادىمىمنى
تۇنجى قېتىم ئۆلۈكنىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىدا كۆردۈم. ئۆيگە
توشقان قولۇم-قوشنىلار، پەرياد ئۇرۇپ زار-زار يىغلاۋاتقان بىر
قىزنى ئۆلۈك بار ئۆيگە كىرگۈزمەيتتى. بۇ بىچارە ساراڭدەك
بولۇپ قالغان، كۆينىكىنى باشتىن-ئاياغ يىرتىۋەتكەنىدى. چۇ-
ۋۇلغان قارامتۇل چاچلىرىنى يۇلاتتى. تىرناقلىرى بىلەن يۈزىنى
تىرمىلايتتى. قايغۇ ئۇنى ئىنسان قېلىپىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى.
قاپقانغا چۈشكەندە قورققىنىدىن ئۆز-ئۆزىنى پارچىلايدىغان ياش
جانىۋارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇنى تۇنجى كۆرۈشۈم مەن
دېگەندەك سۇ بويلىرىدا، گۈللۈك باغچىلاردا بولغان بولسىدى،
بەلكىم مۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ كەتمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن
ئىدى. مەن مېھىر-شەپقەتتىن ئايرىلغان ھالەتتە چوڭ بولغاند-
دىم. كىچىك چېغىمدا ئاپامنىڭ قۇچىقىدىن ئېلىنىپ بىر ياتاق-
لىق مەكتەپكە كىرگۈزۈلگەن كۈندىن باشلاپ سۆيۈلمىگەن،
ئەركىلىتىلمىگەنىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ياش قىزنىڭ مەڭگۈ-
لۈك يوقاتقان مېھىر-شەپقەت ئۈچۈن ئۆزىنى يوقىتىشى ماڭا
تەسۋىرلىگۈسىز تەسىر قىلغانىدى. مۇھەببەتنى شېئىر، روماد-

ـلاردىكىدەك بىر گۈزەل ياز كېچىسىنىڭ ئايدىڭىدا باشلىنىپ، تاڭ سەھەردە تۈگەيدىغان بىر چۈش دەپ بىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدىم. مېنىڭ ئۈچۈن بىرسىنى سۆيۈش—باشقا بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىن، روھىدىن بىر قىسمى بولۇپ ئورۇن ئېلىش، ئۇ-نىڭ بىلەن بىللە كۈلۈپ-بىللە يىغلاش، ئازابلىرىنى بىللە تار-تىش دېمەك ئىدى. مۇنداق بىر پەيتتە مۇشۇنداق ئويلارنى ئوي-لاش ئادەمگەرچىلىككە ياتىدىغان ئىش ئەمەس. ئەمما مەن راس-تىنى دېسەم بۇ قىز پەرياد ئۇرۇپ ئۆزىنى ھەريان ئېتىۋاتقان چاغدا شۇنداق ئويلىدىم.

مانا بۇ سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان بىر قىز. . . بۇ قىز ئاجايىپ تەلتۆكۈس تۇرمۇش ھەمراھى بولالايدۇ. شۇنچىلىك كۆيۈپ-پى-شىشقا قابىلىيەتلىك بولغان بىر مەخلۇقنىڭ كىم بىلىدۇ، سۆ-يۈشكە قانچىلىك قابىلىيىتى باردۇر؟ مۇمكىن بولسا شۇنىڭ بىلەن توي قىلسا. . .

بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئەر بولغۇچى بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى مەنچىلىك چۈشەنگۈدەك بىر ئادەم بولسا. . . مۇشۇنداق بىر ئايال بىلەن ياشاش نېمىدىگەن بەخت! ياشاشلا ئەمەس ھەتتا ئۆلۈشمۇ. . .

بۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزىدىغان يىللارنى تېزدىن ھېسابلايتتىم. چاچلىرىدا تۇتام-تۇتام ئاقلار، بىراق كۆزلىرىدە مۇشۇنداق ئوتلۇق ياشلار بىلەن مېنىڭ كارۋىتىمنىڭ بېشىدا يىغلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. نېمە دېگەن بەختلىك ئۆلۈم-ھە!

(زەھرا خانىمنىڭ مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە توختاپ قالدى.

دادىسى ياتقان ئۆي تەرەپكە قاراپ ئويغا چۆمدى. ئارىدىن ئوتتۇز يىلچە ئۆتۈپ كەتكەندى، بۇ خاتىرىلەرنى يازغان ئادەمنىڭ ئويىلىغان كۈنى كەلگەندى. بىراق ياتقان يېرىنىڭ ئەتراپىغا ئۆكۈنگەن ياشلاردىن بىر تامچىسىمۇ چۈشكىنى يوق. زەھرا شۇئان ئۈنىڭغا ئېچىنغاندەك بولدى، بىراق شۇ ھامان ئاپىسى—ياش تۆرۈپ جاپالار ئىچىدە ئۆلگەن ئاپىسى كۆز ئالدىغا كەلدى. دادىسىنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇغانسېرى ئۆچۈشكە باشلىغان ھەسرىتى قايتىدىن قوزغالدى، خاتىرىنى ئوقۇشنى داۋام قىلدۇردى)

مالىيە باشقارما باشلىقى بالىلىرىغا 200 لىرادەك قەرزدىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرمىغانىدى. قەرز ئىگىلىرى جىنازىنى ئېلىپ مېڭىشتىن بۇرۇن ھەر تەرەپتىن سۆزلەشكە باشلىدى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە پۇلغا يارىغىدەك ھەممە نەرسە سېتىلدى ۋە قەرزنىڭ بىر قىسمى تۆلەندى. فادىل ئەپەندىنىڭ خوتۇنى ۋە قىزىغا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكۈدەك پۇلمۇ قالمىدى.

ئۇزۇن يىل تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلە، كېيىنچە بالا-چاقاڭ ھەرگىز غېرىپ-مۇساپىر بولۇپ قالمىسۇن! . . .

بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن يامان ئىدى. يول كىراسى ئۈچۈن خىزمەتداشلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشتىن باشقا چارە قالمىغانىدى. مەن بۇ ئادەمنىڭ يېقىن دوستىمۇ ئەمەس ئىدىم، بىراق مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزگەندى. بۇ، ئارىمىزدا تۇغقاندارچىلىققا ئوخشاش بىر خىل يېقىنلىق پەيدا قىلغانىدى.

مەن خىزمەتداشتەك ئەمەس، بەلكى بۇ ئائىلىنىڭ بىر بالىسىغا ئوخشاش ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چېپىپ يۈردۈم. ئىشلار

ئاستا-ئاستا يولىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ماڭىدىغان كۈنلىرى يې-قىنلىشىپ قالدى.

بىر كۈنى ئۆينىڭ چوڭ خانىمى قايغۇ ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

—بەگ ئوغلۇم، شۇنىڭغا ئىشىنىڭ، مەن بۇ يەردە يالغۇز مەرھۇمنى تاشلاپ كېتىشۋاتقىنىم ئۈچۈنلا ئەمەس، سىزنى تاشلاپ كېتىۋاتقىنىم ئۈچۈنمۇ بىئارام بولىۋاتىمەن. يامان كۈنلەردە قولۇمنى تۇتتىڭىز، مەن ئۈچۈن بالامدەك بولۇپ قالدىڭىز. . .

شۇ چاغدا ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدا، ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇق-نىڭ يۆلەنچۈكىگە تايىنىپ ئۆرە تۇرغان ياش قىزنىڭ چىرايىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ يەر ئاستىدىن ماڭا قارايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ: "مەنمۇ ئاپامدەك ئويلاۋاتىمەن، بىراق سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن!" دېگەندەك قىلاتتى. چوڭ خانىم بى-لەن يالغۇز قالغان بىر كۈنى شۇنداق دېدىم:

—سىز مېنى ئۆز ئوغلىڭىزدەك كۆرىدىغانلىقىڭىزنى دېدى-ڭىز، مېنىڭمۇ بىر ئانىغا ئېھتىياجىم بار. لايىق كۆرسىڭىز مېنى ئوغۇل قىلىۋالسىڭىز قانداق؟

بىچارە خوتۇن قىزىنىڭ پىكرىنى ئېلىشنىمۇ ئويلاپ باقمايلا رازى بولدى. چىگىلگەن بوغجۇملار، ئېتىلگەن ساندۇقلار باش-قىدىن ئېچىلدى ۋە توي ھازىرلىقلىرى باشلاندى.

دىياربافىر 13- . . .

تەييارلىقلار داۋام قىلماقتا، بۈگۈن قېينانام بىلەن خېلى ئۇزۇن سۆزلەشتىم. بۇ پەرىشتىدەك ساپ ۋە گۈزەل، ئەخلاقلىق

ئايالغا بولغان مۇھەببىتىم، ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. ئادەم-لەرگە نىسبەتەن بىز ئەنە شۇنداق يۇقىرى باھا بېرىمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقىچەرەكلىرىمۇ بار. . . ئەپسۇسكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا بەختلىك بولۇشنىڭ يولىنى تاپالمايدۇ. ياكى بىر مەنپەئەتنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، ياكى تۇغقان ۋە دوست-ئاغىنىلىرىدىن يامانلىق كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ جىمە-جىت بولۇشلىرىنىڭ ۋە مۇلايىم كۆرۈنۈشلىرىنىڭ قۇربانى بو-لۇپ كېتىدۇ.

قېيناناام ماڭا ئۆز تۇرمۇشىنى سۆزلەپ بەردى. بىچارە ئايال ھاياتتا نېمىلەرنى تارتمىغان؟ . . . 50 كە كىرمەستىن چاچلىرى ئۆزلۈكىدىن ئاقىرىپ كەتكەنمۇ؟ . . . باللىق چاغلىرىدا ئۆز ئۆ-يىدە، توي قىلغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ ئۆيىدە تارتقانلىرى بۇ يەردە يازسام بىر رومان بولۇپ كېتىدۇ. . .

ئۇنىڭ دېيىشىچە، قېيناتام رەھمەتلى بىزگە كۆرۈنگەندەك ئادەم ئەمەسمىش، خۇيى يامان، بىپەرۋا، ھورۇن ۋە ئويۇنچى ئادەممىش. قېيناناام بۇ ئۆيدە چېچىنى سۈپۈرگە قىلىپ قاتتىق ئىشلىسىمۇ، بىرەر قېتىم ”ئاللا سەندىن رازى بولسۇن!“ دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ باقماپتىمىش. ئۇزۇن يىللار مۇساپىر بولۇپ چەت-يۇرتلاردا يۈرگەنمىش، ئاچ-يالىڭاچ قالسىمۇ، ھالىنى ھېچكىمگە دېمىگەن ۋە بىلدۈرمىگەنمىش. . . بىچارە ئايال بۇلار-نى ماڭا دەپ بېرىۋاتقاندا چىرايى قىزىرىپ بۇزۇلۇپ كېتەتتى. بۇلارنى دېيىش بىلەن مەرھۇم ئېرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىنىۋاتقانلىقىدىن قورقسا كېرەك. لېكىن مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەقىقىي بىر ئوغۇل ئىدىم، ئىچىدىكى دەرد-ئەلەملىرىنى ماڭا دېمەي

كىمگىمۇ دېسۇن؟ بۇ مۇبارەك ئايالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ كۆزلىرىم ياشقا تولدى. ماڭا يۇرىكىنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىشتىن تارتىنمىغۇدەك دەرىجىدە قانداق ھەسرەتلەرگە چىداپ كەلگەنلىكىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

فادىل ئەپەندى دائىم ئۆزىنىلا ئويلايدىكەن، رامىزان ئايلىرى كېلىپ ھېيتلار بولسىمۇ، قىزلىرىغا بىرەر يېڭى كۆينەك، بىرەر جۈپ ئاياغ ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن. رۇخسار بىلەن مەۋەددەت ھەرقانچە ساپ ۋە نادان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ نازۇ-نېمەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقلىرىنى كۆرۈپ ئىچلىرى ئېچىشىپ كېتىدىكەن. ئەگەر ئانىلىرىنىڭ غەيرىتى بولمىغان بولسا، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئۆپكە كېسىلى بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىكەن. ئاخىرى چوڭ قىزى رۇخسارنى يەنىلا ئۆزى غەيرەت قىلىپ ھال ئوقىتى جايىدا بىر سودىگەرگە بېرىپتىكەن. كىچىك قىزىغا كەلسەك، بولغۇسى كۈيئوغلى يەنى مەن باي ئادەم ئەمەسمەن، بىراق تىرىشچان، غەيرەتلىك ۋە نومۇسچان بىر ياشمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى. مەۋەددەتنى مەندەك بىر ئادەمگە تاپشۇرسا كۆزى ئوچۇق كەتمىگەن بولاتتى.

— ئوغلۇم، مەن پۇلغا ئاشىقلاردىن ئەمەسمەن. مەن ياخشىلىق ۋە نومۇسچانلىققا ئاشىقمەن، — دېدى. بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغدىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەش تەس. بىچارە ئايال بۆلارنى قايتا-قايتا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن بويىنىنى قىسىپ تۈرۈپ مۇنداق دېدى:

—ياخشى-يامان بولسىمۇ ئېرىم هايات بولغان بولسىدى، ئېرىم بولغىنى ئۈچۈن هەرقانداق جەبرى-جاپالىرىغا چىدىغان بولاتتىم. خىزمىتىدىن هەيدىۋەتكەن تەقدىرىدىمۇ بوينۇمغا خالتا ئېسىپ كوچىمۇكوچا يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى ئاچ قويمايتتىم.

قۇدرەتلىك ئاللانىڭ نامەلۇم بىر مەرھەمىتى بىلەن بۇ دۇن- ياغا پەقەت ياخشىلىق ۋە جاپا چېكىش ئۈچۈن يارىتىلغان بىر ئاق چاچلىق پەرىشتىنىڭ قوللىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆيدۇم.

دىيارباقىر. 13- . . .

ئۆيۈمنى قايتۇرۇۋېتىپ، هۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدى- كى بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم. مېنىڭ ئۈچۈن ئىجارە هەققى خېلى قىممەت تۇراتتى، بىراق بۇ قانچىلىك زىيان؟ قېينانام هەر جەهەتتىن يېتىلگەن بىر ئائىلە ئايالى ئىدى، قىزىنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش يېتىشتۈرگەنلىكى چوقۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئار- تۇقچە چىقىم بولماس. ئائىلەمنى يېڭى ۋە راهەت بىر ئۆيدەك تۇتمىسام قانداق بولىدۇ؟ راستىنى دېسەم، مېنىڭ بۇ ئائىلەمگە بولارمۇ ئازلىق قىلىدۇ، ئايالىم بىلەن قېينانام خان سارايلىرىغا لايىق ئاياللار. . . كېيىنچە بۇ ماكانىمىزنى چىرايلىق، پاكىز قىلىپ ياساشقا توغرا كەلدى.

مەقبۇلە خانىم ئۆز ۋاقتىدا كۆپنى كۆرگەن ئايال ئىدى، ئۆيگە ئالغان نەرسىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنى ياراتمىدى، بىراق بۇنى چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى:

—خوپ باللىرىم، بۇلار بىزگە نىسبەتەن كۆپلۈك قىلى-

دۇ. . . ماڭا بىر بۇردا نان، بىر قۇر كىيىم بولسىلا بولىدۇ. پەقەت بىچارە قىزىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ تېخى كىچىك بالا دەڭا. . . ئۆتكەندە بىر ھەربىي باشلىق قىزىغا ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك ئېلىپ بېرىپتىكەن. جېنىم بالامنىڭ كۆزىگۇ توق، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ قىزنىڭ بارمىقىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى.

دېمەك، مېنىڭ ئالىدىغان قىزىم ھەربىي ئەمەلدارنىڭ قى- زىنىڭ ئۈزۈكىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، ئۇنداق بولسا نەدىن بولمى- سۇن بىر ئىلاج قىلىپ قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى ئېلى- شىم كېرەك. ئۇنى كۆرسە بىچارە قېينانام قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر؟ ئەلۋەتتە، پەقەت ئۈزۈك ئۈچۈنلا ئەمەس، ئاللا ئائىلىنىڭ ئەڭ كىچىككىنە بىر ئارزۇلىرىنىمۇ ئورۇنداشنى ئۆ- زىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلىدىغان بىر كۈيئوغۇل بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭا دۇئا قىلىشى، شۇنداقلا خىجالەت بولۇشى مۇمكىن.

—خۇدا ھەققى بالام، بۇنى سۆزلەشتىكى مەقسىتىم ئۈزۈك تەلەپ قىلىش ئەمەس ئىدى. كۆڭلۇڭگە باشقىچە نەرسە كېلىپ قالمىسۇن يەنە، —دەپ قەسەم ئىچەتتى. قېينانام دۇنيادىن قول ئۈزگەن بىر ئايال بولسىمۇ، رېماتىزم پۇتلىرى بىلەن كون بويى بازاردا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

—ئۆز قىزىمدىن كۆرە سېنى، سېنىڭ ئابرويىڭنى ئويلاي- مەن ئوغلۇم. مەن سېنىڭ ھەرقانداق بىرسىنىڭ يېنىدا تۆۋەن بولۇپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن. شامدىن كەلگەن پەردىلەرنى ئې- لىشنى بىزگە كىم قويۇپتۇ؟ ئىككى توپ گۈللۈك چىت ئالساق

يېتىپ ئاشمدۇ. . . لېكىن كوچىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ پەنجىرەڭلەر-
گە قاراپ: ”باش كاتىپنىڭ ئۆيىگە قاراڭلار!“ دەپ سىنى ئەيىب-
لەشلىرىدىن قورقىمەن.

— ئاھ، بىر ماكان تۇتۇش ئۈچۈن، بەختىيار ئائىلە قۇ-
رۇش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقىنىمدا، مېنىڭ ئۈچۈن قاناتلىرىنى
قېقىۋاتقان، مېنىڭ نام-شەرىپىم، مەنپەئەتىمنى ئۆز قىزىنىڭ
مەنپەئەتى-سائادىتىدىن ئارتۇق قوغداۋاتقان شەپقەت پەرىشتىسى!
ئاللا سايەڭنى ھەر زامان بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئايرىمىسۇن!
پۈتۈن تەييارلىقلار ئۈچۈن ئاز پۇل كەتمىدى، ھەتتا ئازراق
قەرزگىمۇ بوغۇلۇپ قالدىم. بىراق، مەيلى، مۇشۇنداق ئائىلە
ئۈچۈن پۇل ئەمەس، جاننى بەرسىمۇ ئەرزىيدۇ.

13-. . . . دىيارباقىر.

بىر ھەپتە بۇرۇن بۇ ئۆيگە كۆيئوغۇلچىلاپ كىردىم. بەخت-
لىك ئىدىم. مەن بۇ بەختكە، بۇ سەممىمىي ئائىلىگە ئېرىشىش
ئۈچۈن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ھەسرەت چېكىپ كەلگەنىدىم.
كەچقۇرۇنلىرى خۇش چاقچاقلىق بىلەن تاماق يېيىشەتتۇق،
يۈرىكىمدىكى خۇشاللىق بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقىمنى يوقىتاتتى.
تاماقتىن كېيىن بىر-ئىككى سائەت گەپلىشىپ ئولتۇراتتۇق.
قېيناناممنىڭ مەن ياخشى كۆرۈدىغان بىر تەرىپى، ئۇنىڭ نادان
بولۇش بىلەن بىللە، ئىنتايىن ھېسسىياتچان ۋە سەزگۈر بىر
ئايال بولۇشى. . . ئۇ ئىستانبۇلنى زادىلا ئۇنتىيالمىغانىدى. ئۇ
دائىم ھەسرەت بىلەن، جان ئۈزگىچە بىر تامچە زەم-زەم بىلەن
بىر قوشۇق ئىستانبۇل سۈيىنى ئىچمىسە كۆزى يۇمۇلمايدىغان-

لىقىنى دەيتتى. . .

مەرھۇم ئېرىگە بەزىدە شۇنداق دەپ يالۋۇرىدىكەن: ”ياسىنىپ يۈرۈشكە، ئويناپ تاماشا قىلىشقا ھەۋىسىم يوق، لېكىن ئۆز يۇرتۇمغا چىدىمايۋاتىمەن. سەن شۇ سەرگەردانلىق ھاياتتىن ۋاز كەچسەڭ نېمە بولىدۇ. . . سەن بىر ئاز ھەرىكەت قىلىپ ئىستانبۇلدىن خىزمەت تاپ، بىز ئاياللار تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمىمىز. قورقما، ئۇ يەردىمۇ ياشاشنىڭ ئاسان تەرەپلىرىنى تاپىمىز“. لېكىن فادىل ئەپەندى ئىنتايىن جاھىل ئادەممىش، زادىلا گەپ ئاڭلىماسمىش، تاپقان پۇلىنى ئورۇنسىز يەرلەرگە ئىشلىتەرمىش. . . مەۋەددەت ئاپىسىنىڭ ئىستانبۇل ھەققىدىكى سۆزلىرىنى چىرايلىق كۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن يوغان ئېچىپ تىڭشايتتى. ئۇ گەرچە ئىستانبۇلدا تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، قېنىدا ئىستانبۇللۇقنىڭ قېنى بار-دە. ئاپىسى بەزىدە ئۇ گۈزەل يۇرتنىڭ ھەر خىل تاماشىلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. مەقبۇلە خانىمنىڭ چوڭ قىزى ئىستانبۇلدا، مەۋەددەتكىمۇ بىر يىل بۇرۇن ئىستانبۇلدا لايىق چىققانمىش، ئەمما ئۇلار رەت قىلغانمىش. بۇ ئادەمنىڭ ھال-ئەھۋالى خېلىلا ياخشىمىش. . . كېيىنچە بۇلار سەل پۇشايمان قىلغانمىش. لېكىن ھازىر ئۇلار شۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن بەكمۇ رازى، چۈنكى ماڭا ئۇچراپ قېلىشتى.

—جېنىم ئاپا، مەنمۇ سىلەر بىلەن ئۇچراشقىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. ئىنشائاللا، پات ئارىدا ئىستانبۇلنى كۆرۈسىلەر. گەرچە بىزگە ئوخشاش ئوتتا ھاللىق ئادەملەرنىڭ ئىستانبۇلدا ياشاشلىرى خېلى تەس بولسىمۇ، سىزدەك ھەممىدە

يېتىشكەن بىر ئۆي خانىمى بىلەن ياۋروپادىمۇ ياشاپ كەتكىلى بولىدۇ. . . ! بىر-ئىككى يىلغىچە بىر ئامالىنى قىلىپ چوقۇم ئىستانبۇلغا كېتىمىز. سىز خالىغان نەرسە بولماي قالاتتىمۇ؟!

ئىستانبۇلدا بىرەر خىزمەت تېپىش ئۈچۈن هازىردىن تار-تىپ ئىلتىماس قىلىپ كۆرۈشنى ئويلاپ قويدۇم. بەلكىم ئۇنىڭ-غىچە ئازراق پۇل يىغىپ بۇ مەقسەتكىمۇ يېتەرمەن. مەندەك هېچقانداق ئويۇن-تاماشىدا يوق، غەيرەتلىك بىر ئەرنىڭ پەرىلەر-دەك ئىككى ئايالنى بەختلىك قىلالماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

دىيارباقىر. 13-. . .

قېيىنانامنى بىرقانچە كۈندىن بېرى سەل مەيۈس ۋە غەمكىن-دەك هېس قىلدىم. سەۋەبىنى سورۇشتۇردۇم، دەسلەپتە دېيىش-نى خالىمىدى، قاتتىق تورۇۋالغاندىن كېيىن مۇنداق جاۋابنى بەردى:

— ئوغلۇم، بەزى ئۇششاق گەپلەرگە جېنىم سىقىلىپ كەت-تى. ۋاي ئاللا، ئۆزۈم ئۈچۈن دەۋاتقىنىم يوق، پەقەت سېنىڭ ئۈچۈنلا. . .

— مەن ئۈچۈنمۇ؟

— ۋاي بالام، سەن بۇ ئادەملەرنى بىلمەيسەن. . .

— نېمىلەرنى دەپتۇ؟

— قېرىپ قالغان قېيىنانىسىنى ئاشخانىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ تاماق ئەتكۈزىدىكەن، دەپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە دېمەمسەن؟ بىزنىڭ ئۆيدىكى رەتلىك تۇرمۇشقا تارلىقى كەلگەن گەپ. بۇ

كۆزى كور بولغۇچىلار ئارىمىزدىكى ئىناقلىقنى بۇزماقچى. . .

مەن ئەجەپلىنىپ كۆزلىرىمنى يوغان ئاچتىم:

—قانداق قىلىپ ئارىمىزنى بۇزماقچى؟

—شۇنداق بالام، بۇ ئۆسەك سۆزلەر سېنىڭ قۇلىقىڭغا يەتسە، ”قېينانام مېنى ھەممىگە يامانلاپ يۈرگەن ئوخشايدۇ“ دەپ ئاچچىقىڭ كەلمەمدۇ؟

—ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ ئانا، سەن مېنىڭ بېشىمدىكى تاجىمسەن، مەن خەقنىڭ دېگەنلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىمدىغان ئادەممىدىم؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ پەرىشتىدەك ئانا ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيمەنمۇ؟ . . .

—رەھمەت بالام، بىلىشىنغۇ بىلىسەن، ئەمما ئۇلار شەيتانغا كۆلاسىنى تەتۈر كىيدۈرۈپ قويىشىدۇ. ئەمدى ئۇلار يەنە شۇنداق گەپلەرنى دېسە زادىلا ئىشەنمە بالام. تاماق ئېتىش دېگەن ئۆي ئايالىنىڭ شان-شەرىپى، بولۇپمۇ سەندەك بىر كۆيئوغۇل ئۈچۈن. كېيىنچە ھال-ئەھۋالىڭ ياخشى بولۇپ قالسا، ئىنشائاللا بىرنەچچە ئاشپەز تۇتارسەن، ۋاي ئاللا، ئۇ كۈنلەرگىچە مەن ياشىيالماسمەن. . . گەرچە مەن رېماتىزم ۋە باشقا ئاغرىقلىرى بار ئايال بولسامۇ، سېنىڭ ئابروييۈڭ، قىزىمنىڭ بەختى ئۈچۈن بۇ يېشىمدا ھېلىغۇ ئۇچاق بېشىدا پىشىپ تەرلەش ئىكەن، ئوتلاردا يانسامۇ پەرۋايىم پەلەك. . .

مۆھتىرەم خانىمنىڭ ئېگىكىنى كۈلۈپ تۇرۇپ سىلاپ قويدۇم.

—جېنىم ئانا، سەن بۇلارنى ماڭا دەپ ياخشى قىلدىڭ، مەن سېنىڭ ھېرىپ-چارچىشىڭنى ۋە باشقىلار ئالدىدا يۈزۈڭنىڭ تۆ-

كۆلۈشنى خالىمايمەن. ئەتىدىن قالماي ئۆزۈڭ خالىغان بىر ئاشپەزنى تاپ، ئۆزۈڭ بىر چەتتە قاراپ ئولتۇر.

قېينانام دەسلەپ رازى بولمىدى، كېيىن مەنمۇ، مەۋەددەتمۇ قاتتىق تۇرۇۋالدۇق، چىقىمىمىز سەل كۆپىيىدۇ، بىراق ئامال قانچە؟ ئەمدى ئۇنچە زۆرۈر بولمىغان خىراجەتلەرنى قىلمايمەن.

دېيارباقىر. 13-. . .

هازىرغىچە مەن ئاياللار دۇنياسىنى زادىلا چۈشەنمەپتىمەن. ئەرلەر ئۇلارنىڭ غەيۋەت-شىكايەتلىرىدىن دائىم ئاغرىنىپ يۈرۈشەتتى. پەقەت مەن بۇلارنى ھەم مۇبالىغە دەپ بىلەتتىم، ھەمدە سەۋىيەسىز، ئەخلاقسىز قىسمەن ئاياللارنىڭ ئىشلىرى دەپ قارايتتىم. ئەرلەردىن كۆڭلۈم كۆپ ئاغرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاياللارنى ھەردائىم ئۇلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئېزىلگەن مەزلۇم ۋە تىلسىز پەرىشتىلەر دەپ ھېسابلايتتىم. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئاجايىپ ئىنسانلار بار ئىكەن! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قېينانامدىن ئۆگەنمەكتىمەن. بىچارە ئايال ھازىرغىچە شۇ ئاياللاردىن قانچىلىك دەرد تارتمىغان. . . ئېرىدىن تارتقانلىرى يەتمىگەندەك، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىدىكەن، ھېچكىمگە ھېچقانداق زىيىنى تەگمىگەن بولسىمۇ، ھەممىلا ئايال ئۇنىڭ يامان بولۇشىنى خالارمىش.

— ئانا، سەن خاپا بولما، بەك ساپ، ياخشى ئادەملەرنى كۆرەلمەسلىك كىشىلەرنىڭ كونا ئادىتى. مەيلى خالىغانلىرىنى دېيىشسۇن، مەن بارلىق كۈچۈم بىلەن ئىشلەيمەن. قانداقلا

بولمىسۇن پات ئارىدا بۇ يەردىن قۇتۇلىمىز.

راستىنى دېسەم، خوتۇنۇم مەۋەددەت ئاپىسىدەك ئوڭلۇق ئەمەس ئىدى. نېمە دېگەن بىلەن ئۇ بىر بالا-دە! ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇيى تۇزۇلۇپ قالار، تومۇرلىرىدا بۇ پەرىشتىدەك خانىمنىڭ قېنى بار. مەۋەددەتنىڭ ئۇششاق-چۈشەك كەمچىلىكلىرى ئەپۇ قىلىنىمىغىدەك هالدا ئەمەس. . . مەسىلەن، باشقا دوستلىرىنىڭ ياخشى ياشىغانلىقىنى، ياخشى كىيىنگەنلىكىنى كۆرۈش بىلەنلا ماڭا خاپا بولاتتى. قاپىغىنى تۈرۈۋالاتتى، هەتتا جاڭجالمۇ چىقىراتتى. باشقىلارنىڭ بەختىدىن قىزغىنىش ياخشى پەزىلەت ئەمەس، ئەمما گۇناهمۇ ئەمەس. . . بىزدەك ياشىتىكى ئادەملەرمۇ بەزىدە باشقىلارنىڭ دەرىجىسىنى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى قىزغانمايمىزمۇ؟ مەۋەددەت زېرەك ۋە نازۇك قىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا خاپا بولۇشقا كەلسەك، بۇ قىزنىڭ بۇ دۇنيادا مەندىن باشقا دەردىنى تۆككىدەك ۋە شىكايەت قىلغىدەك كىمى بار؟ ئۇنى غەمكىن ۋە چېچىلغان هالەتتە كۆرگەنسېرى يۈرىكىم پارە-پارە بولۇپ كېتەتتى. لېكىن مەن نېمىمۇ قىلالايمەن، قولۇمدىن هېچ نەرسە كەلمەيدىغۇ؟ . . .

ئۇنىڭ يەنە بىر كەمچىلىكى، ئويلىغانلىرىنى ئىنتايىن ساددىلىق بىلەن دېيىشلىرى ئىدى. مەسىلەن، بىرىنىڭ بىرەر يامانلىقىنى كۆرسە ياكى ئاڭلىسا زادىلا چىداپ تۇرالمايتتى، ئۇ يەر-بۇ يەردە قاتتىق سۆكەتتى. شۇڭلاشقا دوستلىرىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بەزى مەسىلىلەر يۈز بېرەتتى، ئۇششاق-چۈشەك كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ تۇراتتى. يامانلىققا — ئەخلاقسىزلىققا چىداپ تۇرالمايدىغان بۇ توغرا قىزغا "توغرىنى دېگەن ئادەمنى

توققۇز يېزىدىن قوغلاپتۇ“ دېگەن ھەقىقەتنى قانداق چۈشەندۈر-
گىلى بولسۇن؟ شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى رەنجىتمەسلىككە
تىرىشىپ، بۇ تەبىئىتىنى تەنقىد قىلالىتتىم.

خوتۇنۇم مېنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان تەرەپلىرىمنىمۇ
يۈزۈمگە دەيتتى. نېمە دېگەن بىلەن مەنمۇ ئادەممەن، دەسلەپىدە
سەل خاپا بولدۇم، كېيىن ياخشى ئويلاپ ئۇنىڭدىن رەنجىپمۇ
كەتمىدىم. دائىم مەن بىلەن ياشايدىغان بىر ئايالنىڭ ئۆزى
خالىمىغان ئەھۋاللىرىمنى يۈزۈمگە سېلىشى يامان ئىشمىدى؟
ساختىنا نازاكەت بىلەن جىم بولۇۋېلىپ ئىچ-ئىچىدىن مېنى تەنقىد
قىلسا، كېلەچەكىمىز ئۈچۈن ياخشىلىق ئېلىپ كېلەرمىدى؟

قېيىنانام قىزىنىڭ نەزەرىدە ياخشى خىسلەت ھېسابلىنىدىغان
كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشاتتى.
ئەسەبىيلىشىپ كەتكەن چاغلىرىدا ئۇنى پەس قىلاتتى، ئۇ خۇشال
بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىنئالا ھېس قىلىپ ماڭا خەۋەر قىلاتتى:

— ئوغلۇم، قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسى خوتۇنىغا ھاكىمنىڭ
تويىدا كىيىش ئۈچۈن بىر دۇخاۋا كۆينەك تىكتۈرۈپ بېرىپتۇ.
ئۇ ئايال: ”قېنى كۆرۈپ باقايلى، باش كاتىپنىڭ خانىمى بۇ
تويغا نېمە كىيىپ كېلەركىن“ دەپتىمىش. . . بۇ گەپ مەۋەددەت-
نىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. قاتتىق رەنجىدى، ئاغرىقنى ياكى باشقا
بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ بۇ تويغا بارغۇزمىساق قانداق؟

— ئۇنداق قىلغىلى بولامدۇ؟ بىزمۇ مەۋەددەتكە بىر دۇخاۋا
كۆينەك تىكتۈرىمىز، خوتۇنۇمنى باشقىلارنىڭ خوتۇنى ئالدىدا
يەرگە قارىتىش مېنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇمغا يارىشامدۇ؟

— ئاھ بالام، سېنىڭ كۆڭلۈك يېرىم بولىدۇ، بىراق مە-

ۋەددەت يەنىلا كىچىك بالا، بالىلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ھەققى يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، مەن بولغان بولسام ئاغزىمنى ئېچىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتىم، ئەدلىيە باشلىقىنىڭ قىلغان رەزىللىكلىرىنى ساڭا دېگەنىدىم، مەۋەددەتمۇ بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، دۇنيادا گەپ توشۇغۇچىدىن يامان نېمە بار؟ بىرى ئېقىتماي-تېمىتماي بۇ گەپنى ئۇ ئائىلىگە يەتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئائىلە بارغانلا يېرىدە، كۆرگەنلا ئادەمگە بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئاللانېمىلەرنى دەپ يۈرۈپتۇ، سەن رەنجىيدىغان گەپلەرنى قىلىشنى خالىمايمەن. شۇنداق بولسىمۇ بىر تونۇشۇڭ ئارقىلىق ئەدلىيە باشلىقىغا دەپ قويساڭ ياخشى بولار. بۇ ئائىل بىزدىن نېمە تەلەپ قىلماقچى؟ ئۆز ھالىمىز بىلەن ياشايدىغان ئادەملەر تۇرساق، كىمگە نېمە قىلىشىمىز مۇمكىن؟

—جېنىم ئانا، سىلەرگە قىلىنغان ھاقارەت ماڭا قىلىنغان ھاقارەت بولىدۇ. ئەتىلا ئەدلىيە باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بارىمەن. ”ئائىلە—مېنىڭ مۇقەددەس ئۇۋام، مەيلى كىم بولسۇن ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزگۈچىنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋېتىمەن!“ دەپ ئوچۇق دەيمەن. لېكىن قېيىنانام شۇنچىلىك قۇتلۇق ئائىلكى، ئەدلىيە باشلىقى بىلەن ئوتتۇرامىدا بىرەر مەسىلىنىڭ تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ رازى بولمىدى: ”ئۇنداق قىلما بالام. بىزنىڭ يۈزۈمىزدىن بىر چىۋىننىڭمۇ رەنجىپ قېلىشىغا چىداپ تۇرالمايمەن. ساڭا دېگىنىم ئوچۇن پۇشايمەن قىلدىم، ئەدلىيە باشلىقىغا ھېچ نەرسە دېمىگىن، جېنىم بالام، ماڭا دېمەيمەن دەپ ۋەدە بەرگىن“ دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئوچۇن جېنىمنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدىم. بىراق ئىززەت-ھۆر-

مىتىمگە تېگىدىغان بۇنداق ئىنچىكە مەسىلىدە قوللىرىمنى قوش-تۇرۇپ تۇرۇش ئۇچۇن ۋەدە بېرەلمەيتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەدلىيە باشلىقىنى بازاردا تۇتۇۋېلىپ، ئاغزىمغا كەلگەننى دېدىم، ئۇ قارشى چىقتى. كوچىدا ئۇرۇۋې-تىشكە ئاز قالدىم. مۇنداق قىلسام چوڭ بىر ۋەقە تۇغۇلاتتى. شۇ چاغدا بىزنى ئايرىغۇچىلار ئارىغا ئالدى. بۇ مەسىلە شۇ هامان هەر تەرەپكە يېيىلدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن هاكىم مېنى بۆلۈمىگە چاقىرتىپ قاتتىق تەنقىد قىلدى.

— بۇ ئىشنى مەشەدە يوق قىلدۇرىمەن، بىراق سەن ئەدلىيە باشلىقىدىن ئەپۇ سورايسەن. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گەپنى قايتا ئاڭلاپ قالماي، ئاڭلاپ قالسام يا سەن ئەدەب بىلەن ئۆز ئورنۇڭدا ئولتۇرىسەن، ياكى بولمىسا كۆدە-كۆرپىلىرىڭنى يې-غىشتۇرۇپ بۇ يەردىن كېتىسەن. . .

بۇ خىل هاقارەتنى بىر هاكىمدىن ئەمەس، ئاللادىن ئاڭلى-ساممۇ چىداپ تۇرالمىغان بولاتتىم. نېرۋام ئۆرلەپ كەتتى. قاتتىق قارشىلاشماقچى بولدۇم، بىراق شۇ هامان گۇناهسىز ۋە مەزلۇم ئائىلەم كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ”ۋەيران بولغۇسى ئۆيدە ئەۋلاد ۋە ئايال بار“ دەپ بىكار دېمىگەنىكەن. بىردىنلا خىزمىتىمدىن ئايرىلسام نېمىمۇ قىلارمەن. ئىلاجسىز جىم تۇر-دۇم ۋە ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئاچچىق ۋە ئەلەملىك يىغلاپ سىرتقا چىقتىم.

دىيارباقىر. 13. . . .

ئۇچرىغان هاقارەتكە زادىلا رازى ئەمەس ئىدىم. خاپىلىقتىن

ساراڭ بولاي دېدىم، پەرىشتە قېيىنانام ”بۇ ۋەقەگە بىز سەۋەبچى بولدۇق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ تىلىم تۇتۇلۇپ سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالغان بولسام كاشكى. سەن غەزىپىڭدىن بىرەر بالا-قازا تېرىپ قويغان بولساڭ ياكى ھاكىمغا قارشى تۇرغان بولساڭ قانداقمۇ قىلاتتىڭ. خۇدايىم بىزنى بىر ساقلىدى“ دەيتتى. بىر ئەر كىشى ئۈچۈن، ئايال كىشىنى شەرتسىز سۆيىدىغان بىر ئەر ئۈچۈن ئايالىنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاش نېمىدىگەن ئېچىنىشلىق-ھە. . . بەزىدە: نېمە بولسا-بولسۇن، خالىسا مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن. پەقەتلا ئايالىمنىڭ نەزەرىدە ”ھۆرمەت قىلىنمايدىغان بىر بوش ئادەم بولۇپ قېلىشتەك پەسكەشلىكتىن قۇتۇلاي!“ دەيتتىم.

قېيىنانام گاھىدا ئۆچەي دېگەن غەزەپ ئوتۇمنىڭ قايتىدىن تۇتۇشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن شۇنچىلىك يالۋۇرۇپ كېتەتتىكى، ئاق چاچلىرى بىلەن ئالدىمدا تىزلانماقچى بولاتتى. بۇنداق چاغدا نېمىمۇ قىلالايتتىم. ئىلاجسىز چىداش كېرەك، شۇنداققۇ؟

دىيارباقىر. 13- . . .

ئاھ، بۇ قېيىنانامنىڭ ئارتۇقچە مەرھەمەتلىرىنى دېمەمدىغان! باج ئىدارىسىدىكى بىرسىنىڭ پۇل ئوغرىلىغانلىقى پاش بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئىشنى مېنىڭ ساۋاقدىشىم— مالىيە مۇپەتتىشى تەكشۈرۈۋاتاتتى. بۇ ئىش ئۈچۈن باجگىر خىزمىتىدىن چىقىرىلغاندىن سىرت تۈرمىگە سولىناتتى. بۇ باجگىرنىڭ ئايالى بىر كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەپتۇ. ھە دېسە يىغلاپ

دەردىنى تۆكۈپتۇ: ”مالىيە مۇپەتتىشى سىلەرنىڭ ئەپەندىمگىلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداش ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ گېپىنى يېرمايدىكەن، سۆزىدىن چىقمايدىكەن. ئۇ خالىسا ساۋاق-دىشىغا دېسىلا ئېرىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالاتتى. بىز ئەمدى سى-لەرگە قاراشلىق بولۇپ قالدۇق!“ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. مەرھەمەت-لىك قېينانام: ”ئەندىشە قىلما، مەن ئاپپاق چاچلىرىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ پۇتلىرىنى سۆيەي، ئوغلۇم ئادەتتە ساۋابلىق ئىشلار-نى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادەم. سېنىڭ ئېرىڭنى قۇتۇلدۇرىدۇ“ دەپتۇ-دە، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ مىڭ يېرىدىن ياش تۆكۈپ بۇنى سۆزلىدى. مەن: ”جېنىم ئانا، بۇنداق قىلىشقا بولامدۇ؟ بىر ئوغرىنى قوغداش توغرا ئەمەس، ئۇندىن باشقا مەن بۇ ئىشنى ساۋاقدىشىمغا قانداقمۇ تەۋسىيە قىلىمەن؟ مەن ئىزا تارتماستىن دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇ نېمە دەيدۇ؟“ دېدىم. بىراق ئۇنىڭ بېشىنى ئېگىپ، يەرگە تىزلىنىپ يالۋۇرۇشلىرى مېنى سەل بوشاشتۇرۇپ قويدى.

مەۋەددەتكە كەلسەم، ئۇ قاشلىرىنى تۈرۈپ: ”ئاپا، ئۆزۈڭ-مۇ بىلىسەن، بۇ ئىنتايىن يوۋاش بىر ئادەم، ئوغۇ ساۋاقدىشى ئىكەن، قېنى كۆرۈپ باقايلى، ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالار-مۇ؟“ دەپ مېنىڭ كۈچۈمدىن شۈبھىلىنەتتى. ئۇنىڭ بۇ شۈبھە-سى قېرى ئايالنىڭ كۆز ياشلىرىدىن بەكرەك تەسىر قىلدى. بۇ ئىشنى قىلىشقا تىرىشىپ باقاي، دەپ ۋەدە قىلدىم ۋە ساۋاقدى-شىمنى بار كۈچۈم بىلەن زورلاشقا باشلىدىم.

راستىنى دېسەم، مۇپەتتىش ئىرادىلىك ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئازراقلا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئاخىرى ئىلتىماسىمنى

قوبۇل قىلدى. مۇۋاپىق بىر دوكلات يېزىپ باجدىكى يوچۇقلار-نىڭ بىر قىسمىنى تولۇقلىتىش شەرتى بىلەن بۇ ئوغرىنى ئىشى-دىن ھەيدەش ۋە تۈرمىگە كىرىشتىن قۇتۇلدۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن ھەم قېيناناممنىڭ كۆڭلىنى ئالدىم، ھەم خوتۇنۇمنىڭ نەزەرىدە يۇقىرى ئۆرلىدىم.

دىيارباقىر 13-. . . .

مەۋەددەت ئاغرىق. . .

شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. ھېچقانداق كېسەل تاپالمىدى: ”بەلكىم نېرۋا ئا-جىزلىقىدۇر. باشقا كېسىلى بارلىقىنى بىلەلمىدىم“ دېدى. خا-تىرجەم بولالمىدۇق، دىيارباقىردىكى بارلىق دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ كۆرسەتتۇق، ئۇلارمۇ ئاساسەن كېسەل تاپالمىغانلىقىنى دېيىشتى. قارىماققا مەۋەددەتنىڭ كېسىلى يوقتەكلا تۇرىدۇ. ئىش-تىهاسى، ئۇيقۇسى جايىدا، مەن ئۆيدە بولسام مەن بىلەن، ئىدارىغا كەتسەم قولۇم-قوشنىلار بىلەن كۇلۇشۇپ ئوينىشىدۇ، ئۇد چالىدۇ. شۇنداق، سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ دوختۇرلار-نىڭ دېگىنى راست دەپ قالىمەن. لېكىن تۇرۇپ-تۇرۇپلا ھېچ نەرسىدىن-ھېچ نەرسە يوق بىردىنلا خاپا بولۇپ كېتىشلىرى، توختىماي يىغلاپ بىئارام بولۇشلىرى، ئۇچرىغان ئادەم بىلەن سوقۇشۇشلىرىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟

بىچارە قىزنىڭ ھەر ھالدا بىرەر ئاغرىقى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ، ئۇنى رازى قىلىش، خۇشال قىلىش ئۇ-چۇن جېنىم پىدا ئىدى. ئۆيىمىزدە خىزمەتچىدىن باشقا يەنە

ئۇنىڭ ھاپىز رەجەپ ئاتلىق بىر قارى ئوغلى بار ئىدى. قېيناناما-
نىڭ تەلتۆكۈس بىر ئۆي ئايالى ئىكەنلىكىنى ھىسابقا قاتساق
بەش كىشى مەۋەددەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىشلەيمىز دېگەن گەپ.
مەن سىرتتا ئىشلەيمەن، قارى سودا-سېتىق ئىشلىرىنى قىلى-
دۇ، قىسقىسى، ھەممىمىز مەۋەددەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراي-
مىز. قولىنى سوغۇق سۇغا تىقتۇرمايمىز. شۇنداق تۇرۇپ بۇ
خىل ھالەتلەرنىڭ سەۋەبى ۋە مەنىسى نېمىدۇر؟ بەزىدە نەچچە
كۈنلەپ ماڭا خاپا يۈرگەنلىكىنى سېزىمەن. ئۆتكەن بىر كۈنى
بىكاردىن-بىكارلا پۈتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ: "ئىچىم پۇشۇپ كەت-
تى، يۈرىكىم سىقىلىپ كەتتى. مەنمۇ دادامغا ئوخشاش ئۆلۈپ
كېتىمەن، سىلەر مېنى بۇ يەرگە تاشلاپ كېتىسىلەر!" دەپ
داد-پەرياد ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن نېمىنى ئويلىشىمنى ۋە نېمە
قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. تەجرىبىلىك ۋە ئەخلاقلىق قېينا-
نام ماڭا شۇئان ياردەم قىلدى. مەۋەددەتنىڭ بۇ ئاغرىقى ئۈچۈن
شۇنداق بىر دىئاگنوز قويدىكى، دوختۇرلارنىڭ "نېرۋا ئاجىزلى-
قى" دېگەن دىئاگنوزىدىن تېخىمۇ مۇكەممەل. مەۋەددەت يەنە
خېلى ۋارقىراپ-جارقىرىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
قېينانام ئوچاقتىكى ئوتلارنى كوچىلاپ تۇرۇپ غەمكىن ئويغا
پاتتى.

— ئاپا، مەن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي قالدىم... نېمە
قىلىش كېرەك؟

ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ:

— خۇدا ھەققى، مەنمۇ بىلمەيمەن جېنىم ئوغلۇم. لېكىن
ھېلىقى يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ ئەسكەر بولغان ھەربىيلەرنىڭ

”سېغىنىش“ كېسەللى بارغۇ. . . مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە بىچا-
رە بالام شۇ ئاغرىققا گىرىپتار بولغان بولسا كېرەك،—دېدى.
مەن دەسلەپتە كۈلدۈم.
—لېكىن مەۋەددەت ئىستانبۇلنى بىلمەيدىغۇ، قانداق قى-
لىپ بۇ خىل ئاغرىققا گىرىپتار بولغاندۇ،—دېدىم.
—بالام، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ قېنىدا ئىستانبۇللۇق-
نىڭ قېنى بار. ئۇندىن باشقا ئاچىسى رۇخسارىنى بەك ياخشى
كۆرىدۇ. مەن يۇرۇكۇمگە تاش باستۇرۇۋالغاندەك چىداپ يۈرد-
مەن. بىراق بۇ قىز كىچىك ھەم نادان. . . ئۇنىڭ قېرىندىشىنى
كۆرگۈسى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ ئىستانبۇلغا
بېرىپ ئويناپ-كۈلۈپ يۇرگەنلىرىنى ئاڭلايدۇ. بولۇپمۇ بۇ يەر
ئۇنىڭ جېنىغا بەكمۇ تەگدى. بۇ يۇرتنىڭ ئەھۋالى بىزگە مەلۇم،
خەلقنىڭ غەيۋەت-شىكايەتلىرى ھەممىدىن يامان. سەنمۇ بىلى-
سەن، پۈتۈن ئادەملەر بىزگە دۈشمەن. ئۇچرىغانلا ئادەم بىز
بىلەن قېرىشىدۇ، بەلكىم مەن خاتالىشىۋاتقاندىمەن، سەن مەن-
دىنمۇ ياخشى بىلىسەن.
قېينانام گېپىنى دەپ بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى مەن
ئوچاقنىڭ بېشىغا كېلىپ خىيالغا چۆمدۈم.
بىر قېرى ئايالنىڭ دېگەنلىرى مېنىڭمۇ ئەقلىمگە كەلگەنى-
دى، ئۇنىڭغا بەرگۈدەك جاۋاب يوق ئىدى. ئاھ يوقسۇزلۇق!
ئۆزى سۆيگەن بىر ئادەمگە ئۇ خالىغان ساپ ھاۋادىن نەپەس
ئالدۇرماسلىق نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ئىش-ھە؟ مەۋەددەت
بەزى-بەزىدە مەن بىلەن ئېيتىشاتتى:
—نومۇسچان بىر ئادەم بولۇپ نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ سەنمۇ

باشقىلارغا ئوخشاش قاقتى-سوقتى قىلغان بولساڭ قولىمىزغا بەش-ئون تەڭگە كىرگەن بولاتتى. بۇنداق قىينچىلىق تارتىپ يۈرمىگەن بولاتتۇق. ھېچ بولمىغاندا كۆزۈڭنى سەل-پەل ئېچىپ قويساڭ بولماسمىدى؟ قارىغىنە مالىيە باشلىقىغا. . . ئىستانبۇلدا نازىر دەمدۇ، مەسلىھەتچى دەمدۇ، خېلى يۇقىرى ئەمەلگە ئېرىشىپتۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ئۇ ئادەم ھاكىم ئۇستىدىن ھۆكۈمەتكە شىكايەتنامە ئەۋەتكەن.

— شۇنداق قىلىپ يامان قىلدىمۇ؟ شۇ ھاكىم ھەققىدە ”بۇ ئادەم پۈتۈن ناھىيەنى ۋەيران قىلىۋەتتى!“ دېگەن سەن ئەمەسمىدىڭ؟

مەۋەددەتكە ئىلاجسىز بىرنېمىلەرنى دەپ جاۋاب بەردىم. شىكايەت قىلىش، چېقىشتۇرۇشنىڭ ئوغرىلىقتا ئوخشاش يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى بۇ تەجرىبىسىز ياش ئايالغا قانداقمۇ چۈشەندۈرەي. ئۇ يەنىلا سۆزىنى داۋام قىلدۇراتتى:

— ھېچ بولمىسا باشلىقلىرىڭ بىلەن ياخشى ئۆتسەڭ بولماسمىدى؟ ساۋاقداشلىرىڭ ئىچىدە خېلى چوڭ ئەمەلدارلارمۇ بار. ئۇلارغا ئىلتىماس قىلساڭ، ياخشىلىق قىلىپ قويماسمىدى؟

بۇ تەنە ئارىلاش چاقچاقلار ئۈچۈن ئايالىمغا خاپا بولاتتىم. بىراق ھازىر ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تاپتىم. شۇنداق، مەنمۇ ئازراق كۆزۈمنى ئاچالماسمىدىم؟

شۇ كېچىدە قارار قىلدىم: بىر يول تېپىپ تېزدىن ئىستانبۇلغا كېتىمەن، سۆيۈملۈك ئايالىمنىڭ چەت يۇرتلاردا قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشىگە قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمەن؟

دىيارباقىر. 13-. . .

مەۋەددەت بىلەن ئاپىسى بىر ھەپتىدىن بېرى خۇشاللىقىدىن ئۇخلىيالماي قالدى. ئاخىرى ئىستانبۇلغا ماڭىدىغان بولدۇق. سەككىز-ئون كۈن ئىچىدە بۇ يەردىن ئايرىلىمىز.

بۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگىچە تارتقان جەبرى-جاپالىرىمنى بىر مەن، بىر ئاللا بىلىدۇ. بۇ ئىشنى نەتىجە دېگىنىمگە قاراپ بۇنى بىز ئۈچۈن بەك ياخشى ئىش دەپ ئويلاپ قالماڭلار. ئەكسىچە، كېلەچىكىمدىن ئىنتايىن قورقۇۋاتىمەن.

ئىستانبۇلدا ياخشىراق بىر خىزمەت تېپىش ئۈچۈن قىلمىغان چارەم قالمىدى. باشقا چاغلاردا سالاملىشىشقا خوشۇم يوق قانچىلىغان ئادەمگە خۇشامەت قىلدىم. ئىستانبۇلدىكى يېقىن-يىراق تونۇشلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئىلتىماس قىلىپ خەت يازدىم. قىسقىسى، تىلەمچىلىك قىلدىم. بۇ خەتلەرنى يېزىۋېتىپ، بەزىدە ئۆزۈم ئىشلەتكەن خورلىنىش جۈملىلىرىدىن نومۇس قىلىپ كېتەتتىم. قەلەمنى ئېتىۋېتەتتىم، يەنە خەت يېزىشنى داۋاملاشتۇرغىدەك جاسارىتىمنى توپلاش ئۈچۈن: ”مەيلى، يېزىپ باقاي، ئەتىلىككە سەگەك كاللام بىلەن يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقارمەن. . . بەلكىم ئەۋەتمەسمەن“ دەپ ئۆز-ئۆزۈمنى ئالدايتتىم.

ئايالىمنىڭ ئۆلۈش دەرىجىسىدە ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكىگە دائىر بىر ئىسپىراپكا يازدۇرۇپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە ئەۋەتتىم. قىسقىسى، ھەممە چارىنى قىلىپ كۆردۈم. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى، ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىستان-

بۇلدا تۆزۈك بىر خىزمەت تاپالمىدىم. ئاخىرى تونۇش بىرسى-نىڭ ۋاستىسى بىلەن تاموژنىدا خىزمەت تاپتىم. گەرچە بۇ خىزمەت دېگۈدەك بىر ئىش بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ بىر ئىش ئورنىدىن ئىبارەت ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن بۇ يەردىن قۇتۇلۇش-نى، ئۆزۈمنى ئىستانبۇلغا ئېتىشنى خالايتتىم.

*　　*　　*

شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتىدىن بېرى ئائىلەمدىكىلەرنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. مەنمۇ شۇنداق، بىراق مەندىكى ئۇيقۇ-سىزلىقنىڭ سەۋەبى پۇتۇنلەي باشقا. . . بىر ئائىلە قانچىلىك كىچىك بولمىسۇن يەنىلا يالغۇز ئادەمگە ئوخشىمايدۇ، يالغۇز ئادەم قىيىنچىلىق تارتىپ قالسا، قۇرۇق نان بىلەنمۇ كۈننى ئۆتكۈزەلەيدۇ. پاكىز خىزمەتچى ياماق چۈشكەن كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە پەلتۇسىنى كىيىپ كېتىۋېرىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن نېمە يەپ، نېمە كىيگەنلىكىنى سورىمايدۇ. بىراق، بېشىمىزدا بەختكە ئېرىشتۈرۈشكە، شەنىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدىغان بىر ئائىلە تۇرغان بولسا، ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولىدۇ. مەن دىيارباقىردا ئۆزۈممۇ بىلمەستىن بوغۇزۇمغىچە قەرزدار بولۇپ قاپتىكەنمەن. ھەر تەرەپتىن تىلەمچىلىك بىلەن ئالغان قەرزلەر-نى ئايرىم ۋە تارقاق ھالەتتە ئويلىغىنىمدا، بۇنىڭ دەھشىتىنى چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن. ئەمدى بۇ يەردىن ئالاقەمنى ئۈزۈش ئۈچۈن ھېسابات قىلىشقا توغرا كەلدى. مانا شۇ چاغدىلا بۇ قەرزلەر ئالدىدا ئۆلەيلا دەپ قالدىم. يالغۇز بۇ قەرزلەرنى تۆلەش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيتتى. ئەڭ مۇھىمى، بىرمۇنچە يول راسخو-تى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىستانبۇلدا ئايلىق ئالغىچە

ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن خېلىلا پۇلغا ئېھتىياجىمىز چۈشەتتى.

بۇ پۇللار ئۈچۈنمۇ دىيارباقىردا كىرمىگەن ئۆيۈم، يالۋۇرمىغان ئادىمىم قالمىدى. پۈتۈن شەھەردە رەسۋا بولدۇم. دوستلۇق، ئادىمىگەرچىلىك، ھەتتا مەرتلىكلىرىنى پەش قىلىپ مەيدىسىگە ئۇرغان ئىنسانلاردىن يامان مۇئامىلە كۆرۈشكىمۇ كۆنۈپ قالدىم. سوغۇق مۇناسىۋەتلىرىنى، زاڭلىق قىلىشلىرىنى بىلمەسلىككە سالاتتىم. ئاچچىق ھاقارەتلەرگە چىداشلىق بېرەتتىم. يا رەببىم! مەن قانچىلىك دەرىجىدىگە چۈشۈپ قالدىمھە؟! بۇرۇنلاردا باشقىلارنىڭ ماڭا ھاقارەت قىلىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئېچىنىشلىرىغىمۇ چىداپ تۇرالمايتتىم.

بۇ يەردە يەرلىك بايلاردىن ئابدۇسەمەت ئىسىملىك بىر ۋەخپە باشلىقى بار ئىدى. ئۇ بىلىملىك ۋە ھۆرمەتلىك ئادەم بولۇپ، ئىستانبۇلدىمۇ ئابرويى بار ئىدى. ھەتتا ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا ۋەخپە نازىرلىقى مەنسىپى بېرىلگەندە رەت قىلغانمىش. ھازىر ۋەخپە باشلىقى ۋەزىپىسىنى بىرخىل كۆڭۈل خۇشى ھېسابلاپ قىلاتتى. بۇ ئابدۇسەمەت بەي بۇرۇنلا مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئەدلىيە باشلىقى ۋەقەسىدىن كېيىن مەندىن كۆڭلى قالغاندەك قىلاتتى. بۇرۇن ھەر دائىم ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم كېيىنكى كۈنلەردە ئۇچراپ قالسىمۇ مۇنداقلا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزۈمنى تارتىپ يۈرەتتىم. مانا ئەمدى شۇنداق بىر كۈن بېشىمغا كەلدىكى... ئۆزۈم دېگەندەك ئىنتا-

يىن پەسكويغا چۈشۈپ قالغانىدىم. بىر كۈنى مېنىڭ بىر خىجالەت-چىلىك ئىچىدە ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئىشتا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ ئادەمنىڭ ئىستانبۇلدا تونۇشلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ يەردە بىرەر ياخشى ئورۇن تېپىش ئۈچۈن بىر پارچە خەت يېزىپ بەرسە، مەن ئۈچۈن كۆپ ياخشىلىق قىلغان بولاتتى. ئەمما ۋەخپە باشلىقى بۇ ئىلتىماسىمنى خاپىلىقتا تۈ-رۈپ رەت قىلدى:

—ئىستانبۇلنىڭ سىز ئۈچۈن بىر پالاكەت كەلتۈرۈشىگە ئىمانىم كامىل. بۇنداق ئىشقا سىزنى دالالەت قىلالمايمەن، ئەپۇ قىلىڭ،—دېدى. كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. بىراق ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم. بىر كۈنى ئىدارىدا ئابدۇسەمەت بەي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ھاكىمنىڭ يېنىدىن چىقمۇاتاتتى. سوغۇققىد-نە كۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، قولۇمدىن تۇتۇۋالدى:

—ئاخىرى مەقسىتىڭىزگە يېتىپسىز، ئىستانبۇلغا ماڭىدى-غان بوپسىز، شۇنداقمۇ؟—دېدى.

—شۇنداق، تامۇژنىدا تەكشۈرۈش ئىشىغا قويىمىز، دې-يىشتى.

—يامان بوپتۇ.

—ئايالىمنىڭ سالامەتلىكىنى دەپ شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلدى.

—ھە... شۇنداقمۇ؟

ئابدۇسەمەت بەي بۇ سۆزلەرنى زاڭلىق ئارىلاش قىلغانىدى.

—سەپەر قاچان؟

—يېقىندا، لېكىن بەزى توسالغۇلار بولۇۋاتىدۇ...

— پۇل مەسىلىسىمۇ؟
يەرگە قارىۋالدىم.
— بەزى قەرزلىرىڭىز ئۈچۈن قىيىنىلىۋاتقان بولسىڭىز كې-
رەك، مەن سىزنى خېلىدىن بېرى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم،
ئەگەر خالىسىڭىز سىزگە ئازراق پۇل بېرىپ تۇرۇشۇم مۇمكىن.
ھەيران قېلىپ بېشىمنى كۆتۈردۇم. ئابدۇسەمەت بەيدىكى
بۇ خىل ئۆزگىرىشنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم.
ۋەخپە باشلىقى سەل تۇرۇۋېلىپ كۈلۈمسىرەش بىلەن ئىزا-
ھات بەردى:
— ئەپەندىم، ئەپسۇسكى ئىستانبۇل مەسىلىسىدە سىزگە
ھېچقانداق ياردەم قىلالمايدىغانلىقىمنى دېگەنىدىم، بۇ ئىش سىز-
گە پايدىلىق بىر ئىش ئەمەس ئىدى، ئەمدى بولار ئىش بوپتۇ.
شۇنچە يىللىق دوستلۇقىمىز ۋە تۇز-تائامىمىزنىڭ ھۆرمىتى يوق-
مۇ؟ سىزگە ئازراق بولسىمۇ خىزمەتتە بولۇشنى ئۆزۈمنىڭ
ۋەزىپىسى دەپ بىلىمەن. ئەتە ئاخشام ئۆيۈمگە كېلىڭ، شۇ
ئىشنى ھەل قىلىۋەتسەك قانداق؟
بۇرۇنقى غۇرۇرۇمنى ئاللاقاچان يوقاتقانىدىم. شۇڭا ئابدۇ-
سەمەت بەيگە خۇددى قول ۋە ئېتىكىنى سۆيگۈدەك ھالەتتە ئېگى-
لىپ رەھمەت ئېيتتىم. "قول قىيىنچىلىق تارتمىغۇچە خىزىر
كەلمەپتۇ" دېگەن مەشھۇر بىر ماقال بار. بۇ كېچە ھەپتىدىن
بېرى ئۇخلىمىغان ئۇيقۇمنى خاتىرجەم ئۇخلىشىم مۇمكىن.
ئىنشائاللا، تەلىيىم كەلگەن ئوخشايدۇ. ئەگەر ئىستانبۇل-
دىكى ئىشلىرىم يولىدا بولۇپ قالسا ئابدۇسەمەت بەيدىن ئالغان
قەرزىمنى چوقۇم تۆلىۋېتىمەن ۋە بۇ ئېغىر شەپقەت يۈكىدىن

قوتۇلىمەن.

دىيارباقىر. 13-. . .
تۈنۈگۈن ئاخشام ئابدۇسەمەت بەيىنى كۆرگىلى باردىم. ماڭا خېلى كۆپ پۇل بەردى. بەزى ئۇششاق-چۇششەك قەرزلىرىم ئۈچۈن كېپىللىك قىلىشقا ۋەدە بەردى. ھۆججەت يېزىپ بەرمەك-چى بولدۇم.
— ھاجىتى يوق، قانداق ۋاقىتتا قولىڭىزغا پۇل كىرسە ئەۋەتىپ بېرەرسىز. . . خۇدايىم ساقلىسۇن، ئەگەر ئىشلىرىڭىز تېخىمۇ يامان ھالەتكە چۈشۈپ قالسا ھەرگىز قىستىمايمەن.
ئابدۇسەمەت بەيگە يەنە بىر ئاددىيغىنە ئىلتىماسىم بار ئى-دى. بۇ ئىشنى ئۇ ئوڭايلا قىلالايتتى. بىراق شۇنچە ياخشىلىققا رازى بولماي يەنە بىر ئىشنى ئىلتىماس قىلىش، ماڭا ئارتۇقچە يۈزسىزلىكتەك بىلىندى. ئەمما ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزىدىن ئىلھاملىنىپ بۇنى ھەم دېدىم. ئابدۇسەمەت بەي نېمە سەۋەبتىن-دۇر مۇنداق دېدى:
— ئادەمنى خۇشال قىلىش نېمىدېگەن ياخشى ئىش-ھە. بەزىدە كىچىككىنە بىر ياخشىلىق ئۆلگىچە ياخشىلىق بىلەن ئەس-لىنىشىڭىزگە سەۋەب بولىدۇ.
— بەي ئەپەندى ھەزرەتلىرى! سىزگە ئوخشاش ئېسىل پە-زىلەتلىك ئىنسان دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ. بىر بىچارىنىڭ سىزدىن تىلەيدىغان بىر ئارزۇسى بار. . . سىزگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن قوللىرىمنى سۆيدى. ئەڭ مۇھىمى مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان

قېينانام ۋە كېلىنىڭىزمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، شۇنداق ئەمەسمۇ ئەپەندىم؟

ئىزا تارتىپ قوللىرىمنى ئۇۋۇلاپ تۇردۇم. ئابدۇسەـ بەي ”قېينانام“ دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن چىرايلىرىنى تۇ- رۇپ، قوپاللىق بىلەن يۈزۈمگە قاراپ:

—قېنى سۆزلەڭ!—دېدى.

—ئەپەندىم، بىزنىڭ ئۆيدە بىر قارى يېتىپ-قوپاتتى، يەنە بىر قېرى، ئاغرىقچان ئاپىسىمۇ بار، ئىككى بىچارە... ئۇلار بىزگە شۇنچىلىك كۆنۈپ قالغانكى، ئۆزلىرىنى بىزنىڭ ئائىلە ئەزاسىدەك كۆرۈشىدۇ... ئايرىلىشقا زادى قىيمايۋاتىدۇ. بىز كەتسەك ئۆي-ماكانسىز قالىدۇ، قېينانامنىڭ ئەقلىگە بىر ئىش كەلدى... ”ئىستانبۇلدىكى ۋەخپە ئىشلىرىدا، مەسچىتلەردە خىزمەتكارلىق قىلىشتەك ئىشلارنى كۆپلىگەن ئادەملەر قىلىدۇ. ئەجىبا بەي ئەپەندى ئىستانبۇلدىكى تونۇشلىرىغا ئىككىلىك خەت يېزىپ بېرىشقا رازى بولماسمۇ؟ ئۇ بىچارىلەر يەنىلا بىزنىڭ ئۆيدە يېتىپ قوپسا بولىۋېرىدۇ. ئۆي ئىشلىرىدا بىزگىمۇ ياردە- مى تېگىدۇ“ دېدى. دەسلەپتە رازى بولمىدىم. ”بۇنداق ئىشنى ئىلتىماس قىلمايمەن، شۇنچە ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى يەنە بۇ خىل ئىشلاردا ئاۋارە قىلىش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ“ دەپ تۇرۇ- ۋالدىم. بىراق، قاتتىق يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. قارى بىلەن قېرى ئاپىسىمۇ ئالدىمدا تىزلىنىپ تۇرۇۋشقاندىن كېيىن... شۇ بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىڭىز سىزمۇ ئېچىنغان بولاتتى- ڭىز...

مېنىڭ گەپلىرىم ئابدۇسەمەت بەيگە مەن ئويلىغاندىن پۈتۈن-

لەي ئەكسىچە تەسىر قىلغانىدى. مەن سۆزلىگەنسېرى بەزىدە غەزەپلەنگەندەك قىلاتتى. بەزىدە زاڭلىق ئارىلاش لەۋلىرىنى پۈ-كەتتى. ئاخىرى ئېچىنغان بىر خىل قىياپەتتە چىرايىمغا قاراشقا باشلىدى. سۆزلىرىم تۈگەش بىلەن قولۇمدىن تۇتۇپ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى.

— مۇرشىد، ئوغلۇم! — دېدى، — مەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقنى ئادەت قىلغان بىر ئادەممەن. شۇنداق بولسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بەزى ئىشلارنى دېمەكچىمەن. مېنى ساڭا خەيرخاھلىق قىلىدىغان دادا ئورنىدا كۆر، ئەمما باشقىچە چۈشەنسەڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي ۋەزىپەمنى ئۆتەي دەيمەن. . . دىيارباقىردا بالىلىق چېغىمدا بىلىدىغان بىر ھەقىقەت بار، بۇنى پەقەت سەنلا بىلمەيسەن ۋە چۈشەنمەيسەن. ھالبۇكى، سەن ئەقىللىق ۋە ھەممىنى چۈشىنىدىغان بىر ئادەم ئىدىڭ. كۆز كۆزنى كۆرەلمىگەندەك، بەك يېقىندىكى نەرسىلەرمۇ كۆرۈنمىسە كېرەك. ئوغلۇم، سەن بۇ ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ ئىنتايىن خاتا قىلدىڭ، ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنى دارغا ئاسقان بولساڭ بۇنىڭدىن ياخشى ئىش قىلغان بولاتتىڭ. . . چۈنكى، بىردەمدىلا ھەممىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتىڭ. . .

قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرغان قولۇمنىڭ قاتتىق تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، قاتتىقراق قىستى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئوغلۇم مۇرشىد، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، سۆزۈمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلا، بۈگۈن بولمىسا ئەتە مېنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن. ساڭا بىلگەنلىرىمنى ۋە ئويلىغانلىرىمنى ئوچۇقچە

ئېچىنغان ھالدا دەپ بېرىمەن. چەت يەرلەردە ئادەملەرنى ئوڭايلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. سەن قىز ئالغان ئائىلە بەربات بىر ئائىلە. سەن پەرىشتە دەپ ئاتايدىغان قېيناناڭ بىر زەھەرلىك ئىلان. بىچارە قېيناتاڭنى بۇلار يوق قىلىشتى. بايقۇشنىڭ قانچىلىك ئازاب چەككەنلىكىنى بىلمەيسەن. ئۆلۈم ئۇنىڭ ئۇچۇن بەخت بولدى. . . كۆپلىگەن ئادەملەر ئۇ ئادەمنى لەنەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. . . بىراق مەن ئىشلارنىڭ سىرىنى بىلىمەن. قەسەم ئىچىمەنكى، ئۇنىڭدەك ۋىجدانلىق، ياخشى ۋە تىرىشچان، ئىش-چان خىزمەتچى ئاز تېپىلاتتى. راستىنى دېسەم، بىچارىنىڭ ئۆلۈمىگە خۇشال بولدۇم. . .

مەن ئۆلۈمنى دەرد-ئەلەم، ئازاب ئىچىدە ياشاشتىن ئەلا بىلىدىغان ئادەممەن. شۇنداق، ئۇ ئۆلۈپلا قۇتۇلدى. بىراق، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەستىن زالىملارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قال-دىڭ. . . بۇ تويغا مەن زادىلا رازى بولمىدىم. ئەمما بۇ ئىشتا مېنىڭ سۆز قىلىش ھەققىم يوق ئىدى. خۇدا ھەققى، بۇ ئىش-لارنى ساڭا دېيىشمۇ مۇشۇ ۋاقىتقىچە خىيالىمغا كەلمىگەن ئى-دى. پەقەت سېنىڭ ئىلتىماسىڭ مېنىڭ غەزىپىمنى كەلتۈردى. مۇرشىد، جېنىم بالام، ئۇ قارى كىم؟ سېنىڭ ئۆيۈڭدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ سەن بىلەمسەن؟ ئۇ تىلىدىن قۇرئان ۋە ئاللانىڭ ئىسمى چۈشمەيدىغان قېيناناڭنىڭ ئويىنىشىدۇر. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. سېنىڭمۇ بۇنى چۈشەنگىنىدەك مېڭەڭ بار ئىدى، بىراق سەن بۇنداق پەسكەشلىكنى ئەقلىڭگە كەلتۈرمىگىنىدەك دە-رىجىدە ئەخلاقلىق ياش ئىدىڭ. ھازىر مۇشۇ مىنۇتتا ياخشى ئويلاشقا، ۋەقەلەرنى بىردىن-بىردىن ئەسلەشكە جۈرئەت قىلالى-

ساڭ دەرھال ئۆز قارارىڭنى بىلەتتىڭ. خائىن خوتۇن سېنى شۇنچىلىك نادان ۋە ساددا كۆرۈپ ئۇ قارىنى ئۆيىگە كىرگۈزۈش. كە ۋە ساڭا باققۇزۇشقا جۈرئەت قىلدى. پۈتۈن دىيارباقىردا رەزىل بولدۇڭ. يالغۇز مۇشۇ ئىشلا ئەمەس، سېنى قەرزگە بوغدى. دىيارباقىرنىڭ ئەڭ بايلىرى ۋە يەرلىك خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىلىرى بىلەن ئارىلىششقا باشلىدى. ساڭا ئۆز مائاشىڭدىن بەش ھەسسە ئارتۇق خىراجەت قىلغۇزدى. سېنى ئۆزىنىڭ تۇگىمەس-پۈتمەس غەيۋەت-شىكايەتلىرىگە ۋە پەسكەشلىكلىرىگە قورال قىلدى. ئۇلارنى دەپ ئۇچرىغا·لا ئادەم بىلەن تاكاللاشتىڭ، ھاقارەتلەندىڭ. بۇ ۋۇنلاردا سېنى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرۈپ ماختاپ يۈرگەن بولسامۇ، كېيىنچە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشمىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىدى. ئاخىرى ئۇلار بۇ يەرگە سىغمىدى، ئىستانبۇلغا كۆز تىكتى. بۇ يەردە تۇرمۇش كەچۈرۈش خېلى ئاسان، بىراق سېنى ئىستانبۇلغا ئاپىرىپ مەلۇم ۋاقىت ئىچىدىلا بىر لاتىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىڭغا قاتتىق قارشىلىق بىلدۇردۇم. ئىلاجىم قانچە، سېنى ئۆز پىكرىڭدىن قايتۇرۇشقا مادارىم يەتمىدى. يالغاندىن بىر كېسەلنى ئويدۇرۇپ سېنى ئىشەندۇردى. ئىستانبۇلغا بېرىپ بۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق رەزىل ۋە يوقسۇل بولۇپ قېلىشىڭدىن قورقۇۋاتىمەن. مۇرشىد، قېيناناڭ بىلەن ئايالىڭ شۇنچىلىك يامان ئاياللاركى، ئەرلىرىنى ئوغرىلىققا، قاتىللىققا ئىتتىرىشتىن يانمايدۇ... ئىستانبۇلغا بېرىپلا بىر ئىش تاپالمىساڭ، خۇدايىم سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن... بۇ ۋەقەلەر نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سېنىڭ

كۆزۈڭنى ئېچىپ قويار، ساڭا شۇ ھەقىقەتنى دەپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم. ئۆزۈڭنىڭ قايسى دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلىقىڭنى، ئائىلەم دەپ ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىڭنىڭ قانداق ئىپلاس مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالساڭ بەلكىم مەلۇم دەرىجىدە كۆزۈڭ ئېچىلىپ قالار. مۇرشىد، بۇلارنى دېيىش بىلەن بىر ئىنسانلىق، سەپداشلىق، دادىلىق ۋەزىپەمنى ئادا قىلغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم شۇ، ئاللا ياردەمچىڭ بولسۇن! . . .

بۇ سۆزلەر بارلىق ئويلىرىمنى، ئېتىقادلىرىمنى، مۇھەببەتلىرىمنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ھازىر قىلىدىغان ئەڭ يېنىك ئىشىم بۇ قېرىنى تازا ئورۇۋېلىش دەپ ئويلىدىم. لېكىن نەتىجە پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. بۇ گەپلىرىنى بېشىمنى ئېگىپ ئىككىلەنمەستىن ۋە قارشى چىقماستىن قوبۇل قىلدىم. بۇلارنى ئۆزۈممۇ خىيالىي ھېس قىلغانىدىم، لېكىن كىم بىلىدۇ، قانداقتۇر بىر خىل ئېھتىياج بىلەن دائىم گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، ئوچۇق ئويلاشتىن ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتىن تارتىنىپ قالغانىدىم. مۇھىم قۇرۇلمىلىرى ئاستا-ئاستا يوقسىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئەڭ يېنىك يەر تەۋرەش بىلەن بىردىنلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىنالارغا ئوخشاپ قالغانىدىم. . .

# ئىككىنچى قىسىم

خاتىرىنىڭ 1-قىسمى مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە بەتتە قالايمىقان رەقەملەر، ئادرېسلار، ھەر خىل قەغەزلەر، نومۇر ۋە ۋاقىتلىرى يېزىلغان ھۆججەتلەر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىن 10 يىل ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ۋاقىت يېزىلىپ، خاتىرە تەكرار يېزىلغانىدى.

13-ئاپرېل...

باھار كۈنلىرى يېتىپ كەپتۇ. بۈنى ئۇدۇلدىكى باغچىدا چېچەكلىگەن بىر دەرەخقە قاراپ بىلدىم.

پەنجىرىنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇردۇم، قۇياشنى ئەتراپ-تىكى بىنالارنىڭ شولىسى يوقالغىچە تاماشا قىلدىم، بۇ يەردە شۇنچىلىك راھەت ئىدىم. ئەمدى كېچە-كۈندۈز ئىشلەشكە، ھېرىپ-چارچاشقا مەجبۇر ئەمەس ئىدىم. ھاراقنىمۇ تاشلىغانىدىم، نېرۋىلىرىم جايىغا چۈشكەنىدى. تەييار ئۆي، تەييار تاماق، غەم يوق. ئەتراپىمدىكى ئادەملەر بىلەن سۆزلىشەتتىم. تەبىئىي ۋە بەختلىك ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدىم. ئەپسۇسكى، بىر ھەپتىدىن كېيىن جازا مۇددىتىم توشۇپ، تۈرمىدىن چىقاتتىم. بىراق يەنىلا چوڭ زىندانغا قايتاتتىم، ئازابلىرىم قايتىدىن باشلىناتتى. ئىش ئىزدەش ئۈچۈن ئۇ يەردىن-بۇ يەرگە يۈگرەش، باشقىلارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈش، ئەڭ قاتتىق ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بېرى-

شىم كېرەك ئىدى. . . كەچقۇرۇنلىرى قولۇمنى بوش، قورسـ-
قىم ئاچ، ئاياغلىرىم ھۆل پېتى كۆۋرۈك بېشىدا توڭلاپ پارا-
خوت ساقلاپ تۇرۇپ، قاراڭغۇ سۇلارغا قاراش ۋە ئۆزۈمنى
ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە جۇرئەت قىلالماستىن، قارار قىلالماس-
تىن تۇگىشىپ كېتىش ئازابلىرىغا چىدىشىم كېرەك ئىدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن يېرىم كېچە بولغاندا ئۇمىدسىز ھالدا جەھەن-
نەمنىڭ ئىشىكىنى قېقىش. . . تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ ئىش
تاپالىسامۇ ئەھۋال ئوخشاشلا، قانچىلىك تىرىشىپ-تىرمىشىپ
ئىشلىسەممۇ يەنىلا بەربىر. . . يەنە ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق قى-
لىشقا باشلايمەن، يەنە قولغا ئېلىنىش، يەنە ھاقارەتكە ئۇچراش،
ساقچىلاردا، سوتلاردا سۆرۈلۈپ يۈرۈش ۋە تۈرمىگە چۈشۈش
قورقۇنچى. . . تۈرمىگە كىرىش ھەرقانچە يامان بولسىمۇ، تاماق
ۋە ياتاققا ئىگە بولىدىغان گەپ، ئۇچ-تۆت ئاي غەم-قايغۇسىز
ياشاش قورقۇنچلۇق ئىشتەك، مەن دۇنيادا بۇ مەنىسىز قورقۇنچ-
قا خاپا بولغاندەك ھېچ نەرسىگە خاپا بولمايمەن. . . ئادەم تۈنجى
قېتىم قولغا ئېلىنغان ۋە ھەر خىل ھاقارەتلەرگە ئۇچرىغان
ۋاقىتتا ئىزا تارتسا، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن شۇ
ئىشنى ئىككىنچى، ئۇچىنچى، تۆتىنچى قېتىم تەكرارلاشقا مەج-
بۇر بولغان ۋاقىتتا شۇ خىل ئەندىشىنى، قورقۇنچنى ۋە نومۇس-
نى ھېس قىلىپ بىكاردىن-بىكار ئۆزىگە خاپا بولۇشنىڭ ھاجىتى
نېمە؟

* * *

مەن دىيارباقىردىن قايتقىلى ئون يىلچە بولۇپ قالدى.
مەرھۇم ئابدۇسەمەت بەي قانداق بىر ئائىلىگە كىرىپ قالىدىغان-

لىقىمنى ۋە نېمە بولىدىغانلىقىمنى شۇ چاغدىلا دېگەنىدى. لې-
كىن ئىلاجىم قانچە؟ بىر قەدەمنى خاتا بېسىپ بولغانىدىم. كۆپ
تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد كۈتتۈم، بى-
راق ھېچقانداق نەرسە مېنى بۇ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىمدىن
قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى.

ۋەدە قىلىنغان تاموژنىدىكى ئىش ئۈچۈن ئىستانبۇلدا ئىك-
كى ئاي قاتىرىدىم. باشقا بىر ۋاقىتتا بولسا بۇ خىزمەتكە ئېرى-
شەلمىگەن بولاتتىم، لېكىن ئېلاجسىزلىق جېنىنى قۇتۇلدۇ-
رۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئاتىدىغان ھايۋانلارغا ئوخشاش
مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانىدى. توختىماس-
تىن ئۇ يەر-بۇ يەرگە چاپاتتىم، يالۋۇراتتىم، ھەتتا ھەيۋە قى-
لىپمۇ كۆردۈم. بۇ جەرياندا ئۆيۈمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى
ئۈچۈن مىڭ بىر چارىنى ئىزدەش لازىم ئىدى. ئائىلەم زالىم
ۋە قۇۋ بىر دۈشمەندەك بېشىمدا تىكىلىپ تۇراتتى. تاشقىرى
بىلەن قىلغان دەھشەتلىك كۈرەشتە ھەر دائىم ماڭا توسالغۇ
بولاتتى. ئارقامدىن زەربە بېرىش ئۈچۈن مېنىڭ ئەڭ چۈشكۈن-
لەشكەن ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان سائەتلىرىمنى كۈتەتتى. مەن
ئىشقا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئەھۋال شۇ ھالەتتە داۋاملاشتى.
ئۇلاردىن زەررىچىلىك جاسارەت ئالالىغان بولسام، بەلكىم ئۆ-
زۈمنى مەلۇم دەرىجىدە قۇتۇلدۇرغان بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى.

ئەپسۇسكى، ئىش ئۇنداق بولمىدى، قەرزلىرىم كۈندىن-
كۈنگە كۆپەيدى. كۈن بويى ئىش ئۈستىدە ھەرخىل ئىنسانلار
بىلەن ئاۋارە بولاتتىم، كېيىن قەرز ئىگىلىرى بىئارام قىلاتتى،
كەچ كىرگەندە ھالىمدىن كېتەي دەپ ئۆيگە كەلگىنىمدە ئايالىم

بىلەن قېينانامغا دۆچ كېلەتتىم. ئۇلار ھەقىقىي قىياپەتلىرىنى ئەمدى يوشۇرۇپمۇ يۈرمەيتتى. بۇ ئانا بىلەن قىزدا ئاجايىپ-غارا-يىپ خۇيلار ئارقا-ئارقىدىن چىقىشقا باشلايتتى. يۈز خاتىرە قىلماستىن، ئەقىلمگە سىغمايدىغان ھاقارەتلەر بىلەن مېنى سا-راڭ قىلۋەتكەندىن كېيىن، بىچارىلەرچە يىغلاشقا باشلايتتى. ئەسلى بۇزۇلغان نېرۋىلىرىمنى پۈتۈنلەي خاراب قىلىۋېتەتتى. ئۇنداق چاغلاردا جانلىق بىر ئادەمگە ئوخشاش نېمە ئويلاپ، نېمە قىلىۋاتقىنىمنى بىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتىم. بۇ خىل سىرتقى تەسىرلەر تۈپەيلىدىن ئىش ئورنۇمدا ئۇششاق-چۈششەك خىيانەتلەرنى قىلىشقا باشلىدىم. ئادەم بىر قېتىم بۇ يولغا كىرىپ قالدىمۇ، بولدى، پايپاقنىڭ يىپى سۆكۈلگەندەك. . . دەس-لەپتە بەزى يولسىز ئىشلارغا كۆز يۇمۇپ ئۆتكۈزۈۋېتەتتىم. بۇنىڭدىن كەلگەن پۇل بىلەن كوچىدا ئالدىمنى توسايدىغان، ئۆيۈمدە ئىشكلىرىمنى ئۇرۇپ مېنى رەسۋا قىلىدىغان قەرز ئىگىلىرىدىن ئەڭ يامانلىرىنىڭ ئاغزىنى ياپاتتىم. كېيىنچە ئىش چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. ئىنساپسىزلارچە ئوغرىلىق قىلىشقا باشلىدىم. ئازلا ۋاقىت ئىچىدە قولۇمغا كۆپ پۇل كىردى، بۇ پۇلنىڭ ئازراق بىر قىسمىنى قەرزىمگە تۆلەيتتىم. چۈنكى قەرز ئىگىلىرىنىڭ ھاقارەتلىرىدىن ئىزا تارتمايدىغان بولۇپ قالغان-دىم.

ئۆيدە مۇنچىلىك كۆپ پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سورايدىغان ئادەم يوق، ئۇلار مەندىن رازى ئىدى، قېينانام ئەمدى تاپا-تەنىلىرىنى، شىكايەتلىرىنى توختاتقانىدى. بۇرۇنقى زاماندلار دىكىدەك چىرايىمغا كۈلۈپ قارايتتى. ”مېنىڭ تەلەيلىك ئوغ-

لۇم، ئاللا سېنى بىزنىڭ يېنىمىزدىن نېرى قىلمىسۇن!“ دەپ دۇمبىلىرىمنى سىلاپ قوياتتى. ئائىلىمىنىڭ نېرۋىلىرىمۇ سەل جايىغا چۈشۈشكە باشلىغانىدى.

ئەسلىدىكى ساپ مۇھەببىتىم ۋە خاتىرجەملىكىم بىلەن ئۇ-لارنى ياخشى كۆرۈشۈم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بىراق، بۇنىڭ ئەكسىچە، بالىلىرىم ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلاتتىم. ئوغرىلىق ئىشلىرىنى ئۇن-تىنسىز قوبۇل قىلىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ-لار ئۈچۈن ئىدى. بالىلار چوڭ بولغاندا بەلكىم دادىسىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىزا تارتىپ كېتىشەر. قانداق قىلىش كېرەك؟ هازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇلار بەختلىك ياشىشى كې-رەك.

قىسقىسى، ئۆمرۈمنىڭ بىرنەچچە يىلى بەختلىك ئۆتتى دېيەلمىسەممۇ، ھەرھالدا خېلى خاتىرجەم ۋە راھەت ئۆتكەنىدى. ئاخىرى بىر كۈنى كۈتۈلمىگەن بىر سائەتتە قىلغان ئوغرىلىق ئىشلىرىم ئاشكارىلىنىپ قالدى. مېنى تاموژنىدىن چىقىرىۋەت-تى، سوتقا بېرىشتى، بەش ئاي تۈرمىدە ياتتىم. كىرىمىم ئۈزۈ-لۈپ قېلىش بىلەن، ئۆيدە ئەڭ ئېغىر كۈنلەر باشلاندى. قېينانام ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ يىغلايتتى. ھەممىلا ئادەم ئېرىدىن دەرد-ئەلەم تارتقىنىدەك كۈيئوغلىدىنمۇ كۆڭلى يېرىم بولغان بۇ بىچارە ئائىلىغا ئىچىناتتى. چوڭ كۈيئوغلى قىزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەت-كەنىدى. ئۇ هازىر ئاقۇا زىندانىدا چىرىپ ياتاتتى. بۇ بالا-قازا يەتمىگەندەك، كىچىك كۈيئوغلىمۇ ئوغرىلىق قىلىپ تۈرمىگە كىردى. بۇ ئايال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە كىچىك قىزىنىمۇ ئۆل-تۈرۈپ قوياتتى. شۇنداق، بىزنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى

پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن قىيناچام رۇخسارىغا، دەرد-ئەلەم ئى-چىدە ئىڭراۋاتقان قىينانامغا، ئايالىمغا، بالىلىرىمغا ئىچىناتتى، بىزگە لەنەت ئوقۇشاتتى. ئەمىلىيەتتە بۇ پاجىئەنىڭ ئەڭ مىس-كىن قۇربانلىرى بىز — ئىككى كۈيئوغۇل ئىدۇق. باجام قاتتىق قول ۋە ئاچچىقى يامان ئادەم بولسىمۇ، ساپ ۋە ۋىجدانلىق ئىدى. پاجىئەنىڭ بارلىق سىرى ۋە تەپسىلاتىنى مەن ياخشى بىلىمەن. قىينانام رۇخسارىنى بۇ 30 ياشلىق ئادەمگە پۇلى ئۈچۈنلا بەرگەنىدى. باجام ئۇنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگە-نىدى. بىراق، قىيناچاممۇ ئايالىمغا ئوخشاشلا هاياتتىكى دەرس-لىرىنى قىينانامدىن ئالغانىدى. هېچ نەرسىدىن رازى بولمايد-تى، بەختنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنى بەختلىك هېس قىلمايتتى. ئۆزىنى هەر دائىم مىسكىن ۋە بىچارە هالەتتە كۆرۈپ ئاھ ئۇرۇپ هەسرەت چېكەتتى. كۆر-گەن تەربىيىسىگە ئاساسەن ئەر كىشى زالىم، قۇۋ ۋە يالغانچى ئىدى. خوتۇن كىشى هېچقاچان ئەر كىشىگە چىرايىنى ئېچىپ قارىماسلىقى، ئېرىنى خۇشال ۋە مەمنۇن كۆرۈشى بىلەنلا چوقۇم بىر ئامال قىلىپ ئۇنى خاپىلىق بىلەن زەهەرلىشى، ئۇ بېرىشنى خالىمىغان نەرسىلەرنى مەجبۇرىي ياكى هىيلە بىلەن قولىدىن ئېلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. بارلىق ئەرلەرنىڭ نامەلۇم يەرلەردە يوشۇرۇپ قويغان بايلىقلىرى، كۆڭۈل ئاچىدىغان يەرلىرى، تۇركۈملەپ خوتۇنلىرى بار ئىدى. ئەتىگەندە بەختلىك بىر ئادەم هېسسىياتى بىلەن ئۆيدىن چىققان ئەر، تاشقىرىدا چوقۇم ئايالى ۋە ئائىلىسى هەققىدە پىتنە-پاسات تېرىيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تىن-ماستىن خاپا قىلىش، بېسىپ تۇرۇش، نېرۋىسىنى قالايمىقان-

لاشتۇرۇپ سارالاش قىلمۇېتىش لازىم ئىدى.
دۇنيادا ھەركىم ئۆز تەختۇشلىرى بىلەن ئۆيلىنىشى كېرەك بولسا، قېيناچام ماڭا ئوخشاش ئاددىي بىر خىزمەتچى ياكى ئادەتتىكى بىر ھۈنەرۋەننىڭ ئايالى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە دەرىجىسىمۇ شۇ ئىدى. بىراق، تەلەي ئۇنى ئۆزىدىن قاتمۇقات ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئايالى قىلىپ قويغانىدى. مېنىڭ ئايالىمنى "گاداي، ئەخلاقسىز، تەلۋە بىر خىزمەتچىگە تېگىپ قالدى" دەپ ھەسرەتلىنىدىغان قېينانام، چوڭ قىزىنى "ھال-ئوقىتى جايىدا، بىراق خۇيى سەت، زالىم، پىخسىق، قېرى بىر ئادەمگە تېگىپ قالدى" دەپ زارلىناتتى ۋە بۇ گەپلەرنى مېنىڭ ئالدىمدا سۆزلەشتىن تارتىنمايتتى.
رۇخسارى ساۋاتسىز ۋە نادان ئايال بولسىمۇ، ئاپىسىدەك قۇۋ ۋە ھىيلىگەر بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى "ئەقىللىق، نازۇك ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن" دېيىشەتتى. قېينانام ئەسلى خېمىرتۇرۇچى يامان بۇ نادان ئايالنى زەھەرلەشكە باشلىدى:
— خۇدا ھەققى، كۈيئوغلۇم بەك باي ئادەم، بىراق قىزىمنىڭ نامىدا بىر ئۆي ئېلىپ قويمىدى. ئىككى دۇكان ئېچىپ بەرمىدى. گۈلدەك ياش ۋە چىرايلىق قىزىم بۇ قوپال، نادان ۋە قېرى ئادەمگە قارىنىنى تويغۇزۇپ قويغىنى ئۈچۈنلا خوتۇن بولۇۋاتىدۇ. . . ئۆزى سەت، قېرى بولغاندىكىن ھېچ بولمىسا بالامنى چىرايلىق ياساندۇرسا بولماسمىدى. . . قىزىم ھەر كۈنى چىرايلىق ياسىنىپ، ئويناپ-كۈلۈپ كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ يۈرسە. . . ئۇنداقمۇ قىلمايدۇ. كىم بىلىدۇ، قانچە ئاشنىسى بار، تاپقان پۇلىنى كوچا بۇزۇقلىرىغا خەجلەمدۇ تېخى؟ قىزىم-

نىڭ ئاغزى بار، تىلى يوق، قوزىدەك يوۋاش بالا. . . ئۇ تۆز-
كور قىزىمدەك بىر پەرىشتىگە ئىگە بولغىچە، هازىرقى سەتەڭ-
لەردىن بىرنى ئالغان بولسا كۆرگۈلۈكنى تازا كۆرگەن بولات-
تى. پوخۇرلۇق قىلىشقا مادارى يېتەتتىمۇ؟ بىزدەك ياخشى
ئادەملەرگە ئۇچرىغىنى ئۇچۇن دۇئا قىلسۇن!

مەن دېگەندەك ئەسلى ياخشى بولمىغان قېيناچامنى بۇ سۆز-
لەر پۈتۈنلەي كاردىن چىقارغانىدى. رۇخسارى ئۆز ئىشىدىن،
ئۆيدىكى ئائىلە ئەزالىرىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بۇ بىچارە
ئادەمنى دوزاخ ئازابىغا سېلىشقا باشلىغانىدى. قېينانام بۇنىڭ
بىلەن توختاپ قالمىدى، قىزىغا ئېرىنى تېخىمۇ قاتتىق تۈتۈپ
ئالقىنىغا ئېلىۋېلىش ئۇچۇن هەر خىل خەتەرلىك نەسىهەتلەرنى
بېرىشكە باشلىدى:

—خوتۇنى بىلەن كارى بولماسلىق ئۇنىڭغا ئادەتتىن تاشقى-
رى ئىشەنگەنلىكتىن بولدى قىزىم، سېنى بىرەر يامانلىق قىل
دېمەيمەن. ئەمما مۇنچىلىك يوۋاش-يۇمشاق بولماستىن، ئۇنى
قىزغاندۇرىدىغان، كۇندەشلىكنى قوزغايدىغان ئىشلارنى قىلىپ
باقساڭ، ئۇنىڭ ئۆزگەرمىگىنىنى مەن كۆرەي! هازىر ۋىجدان-
لىق، نومۇسچان ئاياللارنىڭ قەدرى يوق. ئەرلەرنىڭ هەممىسى
يامان خوتۇنلارنى ياخشى كۆرۈشىدۇ.

مەن يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، بۇ پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىشى-
نى هېچكىم مەندەك ياخشى بىلمەيدۇ. رۇخسارى بۇ ئادەمنى
ۋەسۋەسىگە سېلىش ئۇچۇن ئۇششاق-چۈششەك ئويۇنلارنى ئوي-
ناشقا باشلىدى. كېينچە بۇ ئويۇنلار چېكىدىن چىقتى. ئاخىرى
بىر كۇنى باجام ئۇنى تۇغقانلىرىدىن ئەخلاقسىز بىر ئەر بىلەن

تۇتۇۋالدى، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي ئوق چىقاردى. بۇ بىچارىنى تۇرمىگە بىرىنچى بولۇپ يوقلاپ بارغان مەن بولدۇم.

— مەن ئەسلىدىغۇ ۋەھشىي تەبىئەتلىك بىر ئادەم ئىدىم. بۇ قېتىم كۆزۈمگە قان تولدى، ساراڭدەك بولۇپ بۇ ئىشنى قىلىپ قويدۇم. قانداقلا بولمىسۇن مەن سوتلىنىمەن، مەن خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇشنى خالىمايمەن. . . خوتۇنۇمنىڭ مېنى ئالدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايمەن. ۋەقەنىڭ ئەسلىنى مۇمكىن قەدەر يوشۇرۇشقا تىرىشىمەن، — دېدى ۋە ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. رۇخسارىنىڭ ئەسلى قاتىلى ئۆز ئاپىسى، بىراق بۇنى كىمگىمۇ چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيسەن. بۇلار شۇنچىلىك سەۋىيەسىز مەخلۇقلاركى، ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى ئۆزلىرى بىلىشمەيدۇ. بارلىق يامانلىقلار ئۆزلىرىدىن چىققان بولسىمۇ، گۇناھسىز ئىككەنلىكلىرىگە راستىنلا ئىشىنىپ يىغلىشىدۇ.

* * *

ئەگەر مەندىن: ”ئۇلارنى شۇنچىلىك ئېنىق، ياخشى چۈشىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قانداق چىداپ كەلدىڭىز؟“ دەپ سوئال سورالسا، شۇ جاۋابنى بەرگەن بولاتتىم: ئەقلىمنى يوقاتقان ئىدىم. ئىرادەم پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى، قەتئىي ھۆكۈم چىقىرالمايتتىم.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھىم بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى: بالىلىرىم. . . فەرىخا بىلەن زەھرا. . .

ئوغرى ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى ”ياخشى ئادەم“ دېيەلمەيمەن. بىراق، بىر ئادەمنىڭ ئوغرى

خىزمەتچى بولۇپ قېلىشى، ۋىجدانسىز بىر دادا بولۇپ قالغانلى-
قىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇرۇنلاردا ئاددىي بىر كۆز قارىشىم بار
ئىدى: ”ھەرقانداق بىر يامانلىق روھىمىزنى پۈتۈنلەي قالايمىقان-
لاشتۇرۇپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق پاكىز نەرسە قالماي-
دۇ“ دەيتتىم. ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە ئىش ھەر ۋاقىت ئۇنداق
بولىۋەرمەيدىكەن. ماددىي جەھەتتىكى يوقىلىشنىڭ مەنىۋى جە-
ھەتتىكى يوقىلىشلاردىن پەرقى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ھاڭغا
چۈشۈپ كەتكەن ئادەم پارە-پارە بولۇپ ئۆلىدۇ، لېكىن مەنىۋى
جەھەتتىن چۈشكۈنلەشكەن ئادەمنىڭ بەزىدە مەلۇم تەرىپى زېدە-
لىنىدۇ، باشقا تەرەپلىرى ساق قالىدۇ. پائىشەلەرنىڭ ئائىلە
مۇھەببىتىنى يوقاتمىغانلىقىنى كۆرسىلەر، قاتىللارنىڭ سەمى-
مىيەتلىك بىلەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئېچىد-
نىدىغانلىقىنى، ياردەم قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىلەر. مەنمۇ
ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر ئوغرى ۋە ئالدامچى بولۇپ
چىققان بولساممۇ، بالىلىرىمنى پۈتۈنلەي ساپ، ساغلام، روھ-
لۇق ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك مۇقەددەس ئىزگۈ-تىلەكلەر
بىلەن ياخشى كۆرىمەن. فەرىخە بىلەن زەھرا. . .
مەن شۇلار ئۈچۈنلا ھەممىگە چىدىدىم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ
چىداپ ئۆتىمەن.
13-سېنتەبىر. . .
دېڭىز ساھىلىدىكى بىر كىچىك قەھۋەخانىدا ئولتۇرىمەن،
قاتتىق زۇكام بولۇپ بىرنەچچە كۈن ھاراقنى توختاتقانىدىم.
كەچقۇرۇن ئىدى، قەھۋەخانىدا ھېچكىم يوق، مەلۇم ۋاقىت
ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان مەرمەرگە قارا قەلەم بىلەن ھەرخىل

رەسسم ۋە سىزىقلارنى سىزىپ ئۆزۈمنى بەزلەپ ئولتۇردۇم. كېيىن دائىم يانچۇقۇمدا تۇرىدىغان دەپتىرىم ئېسىمگە كەلدى. مەن يەنىمۇ ئۆزۈمنى بەزلەش ئۈچۈن بۇ قۇرلارنى يېزىشقا باشلىدىم. . . ”مەن ئاغرىق“ دېدىم. ئەگەر بىرەرسى بۇ قۇرلارنى ئوقۇسا: ”ئەپسۇس، ئاغرىپ قاپسەن، نېمە ئۈچۈن ئۆيۈڭگە كەتمەستىن كېچىنىڭ سوغىقى، دېڭىزنىڭ زەھەرلىك نەملىكى ئىچىدە بۇ يەردە ئولتۇرىسەن؟ ئەلۋەتتە سېنىڭمۇ بېشىڭنى تىققۇدەك بىر يېرىڭ باردۇ، مۇشۇ سائەتلەردە نېمىنى كۈتۈۋاتىسەن؟“ دەپ سورىسا ھەقلىققۇ؟

بۇنداق سوئالغا شۇ جاۋابنى بېرەر ئىدىم: ”ئەلھەمدۇلىللا، ياتقىدەك يېرىم بار. تېخى مەن خارابىلىقلاردا، بوش ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كېچىنى ئۆتكۈزگىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىدىم. شۇنداق، ئۆيۈم بار. لېكىن ئۆيگە كېتىش ئۈچۈن يەنە بىرنەچچە سائەتنىڭ ئۆتۈشىنى، بالا-چاقىلىرىمنىڭ ئۇخلاپ بولۇشىنى كۈتۈش كېرەك. فەرىخا بىلەن زەھرا بەلكىم ئاچ يېتىپ قېلىشقاندۇر، ئىشىكنى ئېچىشىمغا بىھۇدە ئۈمىد بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشار. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭلارنىڭ تاپا-تەنىلىرىگە، ھۇجۇملىرىغا، قاغاشلىرىغا چىداشلىق بېرىش كېرەك. مەس بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا بۇلارنىڭ ئۇنچىلىك ئەھمىيىتى يوق، مەنمۇ ۋارقىراپ-جارقىرايمەن، مەنمۇ قاغايمەن. مەنمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قەلبىمدە يىغىلىپ قالغان ھەسرەتلىرىمنى، ئۆچمەنلىكلىرىمنى ئېيتىۋالىمەن. لېكىن مېڭەم ساق چاغدا بۇنى قىلالمايمەن. ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ ئەل ياتقاندا، ئۆيدىكىلەر ئۇيقۇغا كەتكەندە سەزدۇرمەستىن ئۆيۈمگە كىرىپ ياتالايمەن.

پۇلسىز ۋە ئىشسىز قالغان چاغلىرىمدا نېمىلا دېسەم بىكار. نېمە ئۈچۈن ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىمنى بىلمەيسىلەر. پۇلسىز، ئىشسىز بىر ئەر كىشىنىڭ كەچقۇرۇنلىرى قۇرۇق قول ئۆيگە قايتىشىنىڭ قانداقلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىڭلار مۇمكىن ئەمەس. ماڭا قىلغۇدەك ئىش يوق. تەرجىمىھالىمنى كۆزدىن كەچۇرسەم، باشتىن-ئاخىر يامانلىقلار بىلەن تولغان: چىقىشالماسلىق، قانۇنغا بويسۇنماسلىق، باشلىقلارغا قارشى تۇرۇش، بوشاڭلىق، كەسپكە بېرىلمەسلىك، پارا ئېلىش، ئوغرىلىق قىلىش، ئىچىملىككە بېرىلىش. . . مېنىڭ تارىخىمنى يازغانلارنىڭ پۈتۈنلەي ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. بىراق بارلىق يامانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن كېلىپ چىققان دېيىشكە بولامدۇ؟ قالايمىقانچىلىقلار بىلەن تولغان مېڭەمدە بۇنى خۇلاسىلىيالمايمەن. بىراق مەن قىلغان قانۇنسىز ئىشلاردىن مېڭەمدە بەزىبىر سۇس ئىزلار قالغاندەك تۇرىدۇ: مەن ھاكىم بولغان ناھىيىدە بالىلار سېسىق سۇ ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىشەتتى. ھەر كۈنى ئۇدۇلۇمدىكى قەبرىستانلىقتا بالىلارنىڭ تاۋۇتلىرى كېلىپ تۇراتتى. بۇ يۇرتقا تېزدىن پاكىز سۇ كەلتۇرۇش ئۈچۈن بەزى قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى، ئارتۇقچە ھەشەمەتچىلىكلەرنى بىكار قىلدىم. بۇ بەلكىم مېنىڭ ئۈچۈن بىر گۇناھتۇر. بىراق مەن ياش ۋە تەجرىبىسىز ئىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى ئىشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كېتىدىشىم ۋە باشلىقلىرىمغا نىسبەتەن تەلەپچان بولۇشۇمنىمۇ گۇناھ ھېسابلىماس ئىدىم. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، ئۇلار مەندىن قانۇنسىز، يولسىز ئىشلارنى ۋە بەزىدە قىلالمايدىغان چوڭ ئىش-

لارنى تەلەپ قىلىشاتتى. ياكى بولمىسا سەۋەبسىزلا ھاقارەت قىلىشاتتى ۋە يامان مۇئامىلىدە بولۇشاتتى. بۇنىڭ ئەزەلدىن مۇشۇنداق داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتىم. باشـ لىقلار بۇنى يالغۇز قەدىمدىن بولۇپ كېلىۋاتقان بىر ئەنئەنىۋى ئادەت بولغانلىقى، پەقەتلا ئۆزىنىڭ باشلىقلىرىدىن بۇخىل ئىشـ لارنى ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈنلا قىلغانلىقلىرىنى، يامان پىكىر ۋە مەقسەتلىرىنىڭ بار-يوقلىقىنى زادىلا بىلەلمەيتتىم. . . ئۆزۈم دىگەندەك ئىنتايىن ساددا ئىدىم. ئىشلارنى ئەزەلدىكى يوللاردىن چىقىرىپ باشقا يوللارغا باشلاش ئەقىللىق ۋە قۇدرەتلىك بىر ئادەمنىڭ قولىدا دەپ ئويلايتتىم.

ئاغرىقنىڭ قىزىتمىسى بۇ كېچە مېنىڭدە ئاجايىپ بىر خىل يورۇقلۇق ھاسىل قىلدى. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى دائىم مەست ۋە پەرىشان تۇرىدىغان مېڭەمنى ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىـ غىچە يورۇتتۇۋەتتى. ھاياتىمنىڭ پۈتۈن پالاكەتلىرىنى، بۇنىڭ مەن ئۈچۈن بولۇت ئىچىدە قېلىش سەۋەبلىرىنى مانا ئەمدى ئوپ-ئوچۇق كۆرگەندەك بولدۇم.

خىزمەت قىلىپ يۈرۈپ گەپ-سۆزلەرنى قىلىشقا پىشىپ قالغانىدىم. ھەر بىرى بىر دۇنيا بولغان مىڭلارچە ئادەم بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئېيتىشىپ يۈرۈش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلىقىنى چۈشەنگەنىدىم. ئەڭ خاتىرجەم دەپ ھىسابلىغان بىر بۇلۇڭغا يەنى ئۆيۈمگە كىرىۋالدىم، مېڭەمنى دۇنياغا قارىتا ئېتىۋالدىم. ئۆزۈمنى يالغۇز ئائىلەمنىڭ بەختىگە بېغىشلاشنى خالىدىم. ”قانداقلا بولمىسۇن بۇ كىچىك ئادىي جەمئىيەتكە ئىگە بولۇشـ قا، ئاتىدارچىلىق قىلىشقا قادىرسەن“ دەيتتىم. ئۆزۈمنى ئەترا-

يىمدا يېنىۋاتقان ئوتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆرۈنگەن بىر ئۆيگە ئاتقاندىم. بىراق، ئەسلى ئوت ماڭا ئۇ يەردە تۇتاشقانىدى. ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىۋەتكەن ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا كۆيدۇم. بۇ نېمىدىگەن ئۈمىدسىز ۋە چارىسىز كۆيۈش! بۇ ئوتتا كۆيگەن يالغۇز ئۆزۈملا بولسام غەم يېمەيتتىم. ئىككى گۇناھسىز بالام بار: فەرىخا بىلەن زەھرا. . .

بالىلىرىمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يۈرىكىم پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ. . . ئاپىسى، مومىسى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مودىللىرى قىلىپ يېتىشتۈرمەكتە. ئۇ بىچارىلەر ئۇلارغا ئوخشاش يارا-ماس، يامان ئادەملەردىن بولۇپ چىقىدۇ. شۇنچىلىك ئەخمەق ئادەملەردىن بولىدۇكى، يامانلىق ئۆز ئىچىدە تۇرسىمۇ ئۇنى تاشقىرىدىن كېلىدۇ، دەپ بىلىشىدۇ. ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغى-چە يىغلاپ ئۆزلىرىنى سەكپارە قىلىشىدۇ. . . شۇنداق، مۇشۇن-داق كېتىۋەرسە، بىچارە بالىلىرىمنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولى-دۇ. ئەپسۇسكى، بۇ خىل پالاكەتكە قارشى تۇرغىدەك ھالىم يوق، قول-پۇتۇم باغلاقلىق. ئەڭ مۇھىمى بالىلىرىم ئاچ-يالى-ڭاچ. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئالدىدا بوينۇم پۈكۈك. ئاتىلىقنىڭ ئەڭ ئاددىي بۇرچىنىمۇ ئۆتىيەلمەي تۇرۇپ ئۇلارغا پەندى-نەسىھەت قىلىشقا قانداقمۇ يۈزۈم چىدىسۇن! ئەگەر مەن بىر باي ئادەم بولسامىمۇ بەرىبىر ئۇلار شۇنداق بولاتتى. چۈنكى، بالىلار ئۇلار-نىڭ ئالقىنىدا ئىدى. دۇنيادىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەم بولغى-نىمدىمۇ مېنى بالىلىرىمغا قەلەندەر، ئەخلاقسىز دادا دەپ تو-نۇشتۇراتتى. بۇ بىچارىلەرنىڭ مومىسى ۋە ئاپىسىنىڭ سۆزلىرى-گە ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن چېغىمدا

چوڭ ياشتا ۋە ئەقلى-ھوشۇم جايىدا بىر ئادەم تۇرۇپ خېلى ئۇزۇن زامان ئۇلارنى ئىككى پەرىشتە ھېسابلاپ كەلدىم.

فەرىخا نازۇك ۋە چېچەن قىز. . . قىيىنچىلىق ئىچىدە يا-شىغان بارلىق باللارغا ئوخشاش بالدۇر يېتىلىپ قالغانىدى. ئاپىسىدىن ئۆگىنىپ خۇيى سەت، ئەركە-ناياق قىز بولۇپ قال-دى. . . كىچىك ۋاقتىدا مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. لېكىن مومىسىنىڭ ۋە ئاپىسىنىڭ توختىماي قىلغان غەيۋەتلىرى نەتى-جىسىدە ئاستا-ئاستا مەندىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىل-دىم. مانا ئەمدى پۈتۈنلەي نەپرەتلەنمەكتە. ئۆيدىكى بارلىق يوقسۇزلۇق ۋە چارىسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى مەندىن كۆرمەك-تە. . . خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەمىنلەش ئۇ-چۇن يېرىم كېچىگىچە ئىشلىگەن، كوچا ئىتلىرىدەك پاتقاقلارغا مىلىنىپ ئۆيگە كەلگەن ۋاقىتلىرىممۇ بولاتتى.

مومىسى ۋە ئاپىسىنىڭ قارىشىچە، مەن تاماشىدىن، قىمار ئويناشلاردىن قايتىدىغان بىر ئادەم ئىدىم، ھاراقكەش ۋە زالىم ئىدىم. باللىرىمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىم ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق ھېرىپ-چارچاپ كەلگەن چاغلىرىمدا ھەرخىل ھەرىكەت ۋە بىمەنە سۆزلەر بىلەن ئالدىمغا چىقىدىغان قېينانام ۋە ئايالىم مەندىن يالغاندىن قورققاندەك ئۆيلىرىگە قېچىپ كى-رىپ ئىشىكلىرىنى ئېتىۋالاتتى. بۇ خىل سەھنىلەرنى ئۆز كۆز-لىرى بىلەن كۆرگەن فەرىخانىڭ مەندىن قورقماسلىقى ۋە يىر-گەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا ئۇنىڭغا قارىغاندا سىمىز، خۇشال ۋە شوخ قىز زەھرامۇ مېنى كۆرۈش بىلەن مومىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋالاتتى. ئېتەكلىرىنىڭ ئاستىغا مۈكۈنۈپ ئالاتتى.

بىچارە بالامنىڭ تېخى تۈزۈككىنە گەپ قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ، كۆپ ھاللاردا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مومىسى ئۆگەتكەن كەلىمىلەر بىلەن مېنى قاغىغانلىقىنى كۆرەتتىم. ئۆتكەن كېچە يۈز بەرگەن بىر ۋەقە يۈرىكىمنى سەكپارە قىلىۋەتتى. فەرىخادىكى ۋاقىتسىز ئۆزگىرىشلەردىن قورققانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە تىرىشاتتىم. قېينانام ئۇنى شۇ يەردىكى ياتاقلىق مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن يىراق توغقانلىرىدىن بىرسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇ ئائىلە ئەخلاقسىزلىقتا داڭ چىقارغانىدى. شۇڭلاشقا مەن زادىلا رازى بولمىدىم. قېينانام بالىنى ئوغرىلىقچە ئەۋەتىۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا بارلىق ئەخلاقسىزلىقلارنى ئۆگىتىش كېلەچەكتە تېگىدىغان ئادىمىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئەكسىچە، يوشۇرۇن ئىش قىلىشقا ھازىردىن باشلاپ كۆندۈرۈش سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر ۋەزىپە ئىدى. كېچىدە ئۆيگە كېلىپ ئاستاغىنە فەرىخا ياتىدىغان ئۆيگە كىردىم. ئورۇندا قاتتىق تۇگۈلۈپ، يوتقاننىڭ ئىچىدە يىغلاۋاتقان زەھرانىڭ ئۈنىنى ئاڭلىدىم. يوتقاننى ئاچتىم، بالام ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى. لېكىن ياستۇقى كۆز يېشى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. بەلكىم يالغۇز يېتىشقا ئادەتلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن قاراڭغۇدا مەندىن قورققاندۇر. زەھرا ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىردى. ھېلىگەر خوتۇن ئەخلاقسىزلىقنى ئاچىسىغىلا ئۆگىتىپ قالماستىن، ئۇنىمۇ تەربىيىلەش باسقۇچى كەلدى دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، بالام كىچىكلىكىگە ۋە قورقۇشىغا قارىماستىن ئۇلار ئۆگەتكەن رولنى ئىنتايىن ياخشى ئويناپ چىقتى. زەھرانى قۇچىقىمغا ئېلىپ ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئۇۋىسىدىن ئېلىپ

قاچماقچى بولدۇم. بىراق، نەگە، قانداق قىلىپ؟ بۇ ۋەقە ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇ كېچىسى ئورنۇمدا يېتىپ بالىلاردەك يىغلاپ چىقتىم.

ئىستانبۇل. 13-فېۋرال...

ئەتراپىمىزدىكى داچىلارنىڭ بىرىدە ئىككى بىر تۇغقان ئول-تۇرۇشاتتى. بىرسى مەسادەت ئىسىملىك ياش بىر تۇل خانىم، يەنە بىرسى نەجىپ ئىسىملىك ئىنىسى، مەسادەت ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا توي قىلمىغان. ئىنىسىمۇ 30 نەچچە ياشلارغا كىرگەن نوچى بىر يىگىت...

مەھەللىمىزدىكىلەر بۇلارنىڭ تۇرمۇشى خېلى ياخشى، پاكىز ۋە نومۇسچان ئادەملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆز-لىشىدۇ...

مەنمۇ شۇنداق قارايتتىم. ھازىرغىچە بىرەر ئەسكىلىكلىر-نى كۆرمىدىم. پەقەت خېلىدىن بېرى بىر ئىش مېنىڭ ئىچىمنى پۇشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى: بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەر ئۇلار بىلەن بەك-مۇ ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ كەتكەندى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بولمايدۇ! بەلكىم ئۇلارمۇ سىرتقى كۆرۈنۈشتە ئالدانغاندۇر، ياكى بالىلارغا ئىچىنغاندۇر. بەزىدە بۇ خانىمنىڭ قىزلىرىمغا ئۇششاق-چۇششەك سوۋغاتلارنى بەرگەنلىكىنىمۇ بىلىپ تۇردۇم.

ئۆتكەن ئاخشام ئايالىم مېنى ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالدى، بۇ ئەجەبلەنگىدەك بىر ئىش ئىدى:

—قوشنىمىز مەسادەت خانىم قىينچىلىقىمىزنى بىلىپ بىزگە ئىچىندى. ساڭا بىر ئىش تېپىپ بېرىش ئۈچۈن ئىنىسىغا

يالۋۇرۇپتىكەن، ئۇ رازى بوپتۇ. سېنى خېلى ياخشى مائاش بىلەن ئۆزىگە كاتىپ قىلماقچى بوپتۇ.

”ئەجەبا مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامدىغاندۇر؟“ دەپ ھەيرانلىق ئىچىدە چىرايىغا قارىدىم. ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئايالىمنىڭ نامراتلىقىم ۋە ئاجىزلىقىمنى زاڭلىق قىلىشلىرىنى مەن ياخشى بىلىمەن. ئۇنداق چاغلاردا چىرايى باشقىچە تۇسكە كىرىدۇ، كۆزلىرى چوڭقۇر ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىدۇ، بۇرنىغا يىر-گىنچلىك بىر ھىد پۇرىغاندەك بۇرۇن تۆشۈكلىرى چوڭىيىدۇ. لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم چىشلەشكە تەييار تۇرغان بىر ھايۋاننىڭ ئاغزىدىكى ئەسەبىي ھىجىيىش ھالىتىگە كىرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئاخشام ئايالىم مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. يەنىلا ئىشەن-مىدىم.

—خاتالىشىپ قالمىغاندۇ؟ ئەس-ھوشى جايىدا ئادەم ماڭا قانداقمۇ ئىش بەرسۇن؟—دېدىم.

ئۇ قاشلىرىنى تۈردى:

—دېدىمغۇ، پەرىشان ئەھۋالىمىزغا ئىچىندى. مەيلى، سەنمۇ بۇ قېتىم ئادەمدەك ئىشلە، ساداقەت ۋە ئىتائەتمەنلىك كۆرسەت. بىز سەن ئۈچۈن ۋەدە بەردۇق. . . ئەندى بىزنىڭ يۈزۈمىزنى يەرگە تۆكمە!

”مەيلى، بۇ قېتىم ئادەمدەك ئىشلە!“ دېگەن سۆزگە بېرى-دىغان جاۋابلىرىم بار ئىدى، بىراق ھېچ نەرسە دېمىدىم. بۇ كۈتۈلمىگەن چاغدا ئاسماندىن چۈشكەن شەپقەت مېنى تەلۋىلەرچە خۇشال قىلدى.

نەجىپ بەيىنى كوچىدا ۋە پاراخوتتا كۆرۈپ قالاتتىم، سالام-

لىشىپ قوياتتۇق، بەزى چاغدا بىر-ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئەھۋال سوراپ قوياتتى، بىزنىڭ يېقىنلىقىمىز شۇنچىلىكلا ئىدى. سالاپەتلىك، ھۆرمەتلىك ئادەملەرنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۇشكە خۇشى يوق دېگەننى ئويلاپ، دائىم ئۇلاردىن يىراق تۇراتتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن نەجىپ بەينى ئىدارىدا كۆردۇم. مېنى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى. ۋەزىپەمنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن سۆز تاپالماستىن، خىجالەتچىلىكتە قوللىرىمنى ئۇۋۇلايتتىم.

ئىشىم يېنىك ۋە خەتەرسىز، مائاشىم كۈتكىنىمدىن ئارتۇق ئىدى. بەلكى ئەمدى ئۆزۈمنى ئوقۇشۇشلىشنىڭ ۋاقىت-سائىتى توشقاندۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي دەپ ئويلىدىم.

ئۆلسەممۇ ئۇنىڭغا سادىق بولاتتىم. بۇنى قەتئىي قارار قىلدىم. بۇ قارارىمنى ئىش تەرتىبىمگە كىرگۈزگەن كۈنۈمدىن تارتىپ يەنى ئۈچ ئايدىن بېرى ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئاخىرىغىچە شۇنداق قىلىمەن. ئائىلىمىزدىكى غاز-غۇزلار داۋاملىشىپ كەلمەكتە... بۇلارغا چەكسىز بايلىق تېپىپ ئېلىپ كەلسەممۇ رازى بولمايدۇ-دە...

شۇنداق بولۇش بىلەن بىرگە، تارتقان قىيىنچىلىقلىرىمدىن ساۋاق ئالغانلىقىم ئۈچۈن ئەندى قۇرۇق ھەيۋىلەرگە پىسەنت قىلمايتتىم. قولۇمدىكى پۇلۇم بىلەن ئائىلەمنى ئاران باقاتتىم. ئايالىم، قېينانام ئورۇنسىز خىراجەتلەرگە پۇل تەلەپ قىلسا پەرۋا قىلمايتتىم.

بەزىدە: ”بۇ ئىشنى ساڭا بىز تېپىپ بەردۇق، بۇ پۇلدا

بىزنىڭ ھەققىمىز بار!“ دەپ ۋارقىرىشىپ ماڭا ئېتىلاتتى، كارىم بولمايتتى. كارىم بولسىلا پېشىمنى تۇتقۇزۇپ قوياتتىم. بۇ ھالدا ئۇلار باققال، قاسساپلاردەك ۋارقىراشقا باشلايتتى.

قىسقىسى، كۆپ دەرد تارتقانلىقىم ئۈچۈن ھازىر ئۆزۈمنى بەختلىك ئىنساندەك ھېس قىلاتتىم. ماڭا ياردەم قىلغۇچىغا بولغان ھۆرمىتىم خۇددى بىر ئىبادەت تۇسىگە كىرگەنىدى. ھازىرچە مېنى ئەڭ كۆپ قايغۇغا سالغان نەرسە بالىلىرىمنىڭ ئەھۋالى. جان-جىگەرلىرىم كۆز ئالدىمدا تۇگىشىپ كېتىۋاتات-تى. بولۇپمۇ بىچارە فەرىخا. . .

قىزىم چوڭ بولدى، بويىغا يېتىپ قالدى. چىرايلىق بىر قىز بولۇشقا باشلىدى. ”ئەندى ئۇنىڭغا پەرەنجە كىيگۈزىمىز“ دېيىشتى. تاماقلىرىمدىن، تاماكامدىن ئىقتىساد قىلدىم. ئاياغلى-رىمنىڭ چەمى تېشىلەي دېدى. 20-15 تەڭگە پۇل بېرىپ ئۇلار-نىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن نەچچە ھەپتە سۇ ئىچىدە ئىشلىدىم.

ئاخىرى قىزىمنىڭ پەرەنجىسى تەييار بولدى. يا رەببىم، نېمە دېگەن مەسخىرىلىك قىياپەت! بالامنى كوچىدىكى شاللاق خوتۇنلاردەك كىيىندۈرۈپ بوياپ قويۇشقانىدى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ ئالغان يامان تەربىيىسىدىن قورقاتتىم، ئۇنى بۇ قىياپەتتە كۆرۈش بىلەن پۈتۈنلەي ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. خۇددى مەن قىزىمنى ئۆز قولۇم بىلەن پاھىشىخانىغا ئاپىرىپ بەرگەندەك بولۇپ قالدىم. ئاخىرى بىر كۈنى قىزىمغا كەلگەن ئاشىق خەتلى-رى تاسادىپىي قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. يەنە بىر كۈنى چوقۇم شۇ خەتلەردىن بىرىنىڭ ئىگىسى بولغان ياش يىگىت بىلەن پاراخوتتا كۆرۈشۈپ قالدىم.

ئىشقىلىپ شوخ، ياسانچۇق، يېنىك ۋە خىيالپەرەست قىد-لىپ ئۆستۈرۈلگەن قىزىمنىڭ پات يېقىندا دوملاپ كېتىشىگە ئىشەنچىم كامىل. نېمىلا بولمىسۇن مەن بىر دادا ئىدىم، پەقەت مەلۇم دەرىجىدىلا چىداشلىق بېرەلەيتتىم. فەرىخانى ئالدىمغا سېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم، مەلۇم ۋاقىت سىرتقا چىقىشىنى توسودۇم. ئايالىم بىلەن قېينانام: ”زالىم، جانىۋار!“ دەپ ماڭا ھۇجۇم قىلىشتى.

قىزىمغا بەزىدە نەسىھەت قىلماقچى بولاتتىم، بىراق سۆ-زۈمنى كىمگە ئاڭلىتىمەن؟ مومىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ بارلىق توغرا ۋە ياخشى نەرسىلەر ئالدىدا ئىشەنچسىزلىك ۋە زاڭلىق قىلىش بىلەن پۇرۇشكەن چىرايى قىزىمدىمۇ ئېچىلىشقا باشلىغان ئىدى. گەپلىرىمنى ئاڭلاۋېتىپ خۇددى ئۇلاردەك كۆزلىرىنى ئالايتىپ، قاشلىرىنى تۈرەتتى. غەزەپلىك مەنە بىلەن لەۋلىرىنى كېرىپ چىشلىرىنى كۆرسىتەتتى. بالام مۇشۇ ھالىتىدە دەھشەت-لىك دۈشمەن ئالدىدا تۈگۈلۈپ تىكەنلىرىنى چىقىرىدىغان كىر-پىلەردەك، بۆلۈڭلارغا قېچىپ، دۈمبىسىنى دۈمچەيتىپ، چىش-لىرىنى ھىڭگايتىپ مىياۋلايدىغان مۈشۈك ئاسلىنىدەك بولۇپ قالغانىدى. فەرىخا بەلكىم جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ چىرايىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلى-قىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنەتتىم:

”سەن ئادەملەرنىڭ ئەڭ زالىمى، ئەڭ ئەخلاقسىزى، ئەڭ ئەخمىقىسەن. ئائىلىمىزنى سەن ۋەيران قىلدىڭ. . . ئۆزۈڭگە قاراپ باقماستىن باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟“

ئىستانبۇل. 13-ئىيۇن. . .

يىتىپ كەتكەن بەزى خەت-چەكلىرىمنى ئىزدەۋاتاتتىم. ئىشكاپنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قولۇمغا يېشىل لاتىغا ئورالغان بىر باغلام خەت ئۇرۇندى. ھەيرانلىق بىلەن ئېچىپ قارىدىم، رەتلىك قىلىپ ئايالىمغا يېزىلغان مۇھەببەت خەتلىرى ئىكەن. ئىمزاسى يوق. . . بىراق خەتلەردىن بىرنەچچىسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، كىمدىن كەلگەن خەتلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم: قوشنىمىز نەجىپ بەيدىن. . .

نەجىپ بەينىڭ بىزنىڭ ھالىمىزغا نېمە ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندىم. خەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئالىيجاناب ئەپەندى خېلى يىللاردىن بېرى ئايالىم بىلەن ئوبناپ يۈرگەنىكەن. بۇ ئىشنى ئاچىسى مەسادەت بىلەن كېيىنكى زامانلاردا تەرەتسىز يەر دەسسىمەيدىغان، جايناماردىن قوپمايدىغان قېيىنانامۇ بىلىدىكەن. . .

ئايالىم نەجىپ بەيلەرنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كەتكەندە مەسادەت خانىم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ باللارنى ئالداپ تۇرىدىكەن. . . بۇ خانىم ئايالىمنى ئۆز سىڭلىسىدەك، باللىرىمنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرىدىكەن. . . بۇ دۇنيادا نېمە دېگەن ساپ يۈرەكلىك ئادەملەر بار! . . .

قېيىنانام دەسلەپلىرىدە سەل رەنجىگەندەك قىپتۇ، كېيىن قىزى ئۆلۈۋالىمەن دەپ قورقۇتقاندىن كېيىن جىم بوپتۇ. قانداقلا قىلسۇن ئانا ئەمەسمۇ؟ كۆيئوغۇل قىزىنى بەختلىك قىلالمىغان، ئۇنىڭغا ھەممە جەھەتتىن تەڭ كېلەلمىگەن بىر تەلۋە

تۇرسا، بولۇپمۇ نەجىپ بەي مېنى يۇقىرى مائاش بىلەن يېنىدا تۇتۇپ تۇرسا، بىرنەرسە دېيىشكە يۈزى قانداق چىدايدۇ ۋە ھەققى بارمۇ؟ . . .

خەتلەردىن چىقىرىلغان خۇلاسىگە قارىغاندا، بۇلارنىڭ ئىدە-چىدە ھەممىسى ئىنتايىن ساپ، ئەخلاقلىق ئىنسانلار ئىدى. مەنلا يامان ۋە ئەخلاقسىز ئىدىم. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولغانىكەن. بىر ئەر مۇشۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن خوتۇنىدىن ۋاپا ۋە ساداقەت كۈتەلىشى مۇمكىن-مۇ؟ مانا مەن پەرۋاسىزلىقىمنىڭ، ئەخلاقسىزلىقىمنىڭ جازا-سىنى تارتىۋاتىمەن. بالا-چاقىلىرىم ئۆيدە ئاچ ئىلاجسىز ئىگرا-ۋاتقاندا مەن ھاراق بىلەن، خوتۇنلار بىلەن، قىمار بىلەن كۆڭۈل ئاچقان ئادەم ئەمەسمىدىم.

ئايالىمدىن مۇنداق ئىشنى كۈتمىگەنمۇ ئەمەس ئىدىم. شۇ-نىڭغا قارىماستىن خەتلەرنى ئىنتايىن ھەيرانلىق بىلەن ئوقۇدۇ-تىم. قەلبىمدە غەزەپكە ۋە پۇشايمانغا ئوخشاش بىرەر نەرسە يوق ئىدى. خېلى زامانلار ئىلگىرى بوش ئۆيۈمگە بىر ئايالنى باشلاپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن باشلىقلىرىمدىن بىرىنى شاپىلاق بىلەن سال-غانلىقىم ئېسىمگە كەلدى. مەن شۇنچىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدىم. خەتلەرنى يىغىپ يانچۇقۇمغا سالدىم. نېمىنى ئوي-لاش، نېمىنى قىلىش لازىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچ قانداق چۈشەنچەم يوق ئىدى. ئايالىمنى خېلى يىللاردىن بېرى شۇنچە-لىك يىراق ۋە شۇنچىلىك يات ھېس قىلاتتىمكى. . .

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشقا ماڭدىم، ئۈستىلىمنىڭ ئالدىغا كې-لىپ ئولتۇردۇم ۋە ھەر كۈندىكىدەك ئىشلەشكە باشلىدىم.

چۈشكە يېقىن بىر خىزمەتچى نەجىپ بەينىڭ مېنى چاقىرغانلىقىنى ئېيتتى، چاپانلىرىمنى تۈگمىلەپ بۆلۈمگە كىردىم. ئۇ يالغۇز ئىدى، ھەر قاچانقىدەك نازاكەت بىلەن سەل خىجىل بولغان قىياپەتتە:

—مەن بۇيرۇغان ماتېرىياللار تەييار بولدىمۇ؟ مۇرشىد ئەپەندى؟—دېدى. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى، قانداق بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، يانچۇقۇمدىكى خەتلەرنى ئېلىپ ئالدىغا ئاتتىم ۋە قاتتىق بىر شاپىلاق سالدىم. شۇ مىنۇتقىچە ئىنتايىن يۇۋاش ۋە پەيلاسوپتەك يۈرگەن بولسام، مانا ئەمدى بىردىنلا بەدىنىمنىڭ مەلۇم بىر يېرىدىن بىر زەمبىرەك ئېتىلغاندەك بولدى. نەجىپ بەي ماڭا ئېتىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى، ياقىسىدىن ئالدىم. يەردە پومىداقلىشىپ كەتتۇق، ۋاراڭ-چۇرۇڭلارنى ئاڭلاپ بۆلۈمگە كىرگەن كاتىپلار ۋە خىزمەتچىلەر بىزنى ئاجرىتىۋېتىشتى، مېنى قاتتىق قۇچاقلىۋېلىشتى. بىرسى ساقچى چاقىرماقچى بولغانىدى، نەجىپ بەي گالىستۇكىنى تۈزەشتۈرۈپ: ”ياق، ياق، ھاجىتى يوق، ئىدارىدىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، ئەخمەق ھاراقكەش. . . نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ“ دېدى.

بۇ گېپى توغرا ئىدى، ھەقىقەتەن نېمە قىلغانلىقىمنى، بۇ ئادەمنى نېمە ئۈچۈن ئۇرغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. بىراق شۇ نەرسە ئېنىقكى، بىر ئادەم ھەرقانچە بولسىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. دېمەك، ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى بىر ۋىجدان مەسىلىسى ئۈچۈن باشلىقىنى ئۇرغان ئادەمگە نىسبەتەن بۇ ۋىجداندىن بەزى ئىزنالار قالغان.

ئىدارىدىن چىقىپ بىر قەھۋەخانىغا كىردىم. ئايالىمدىن ئايرىلىش ئىلتىماسىنى يازدىم. خۇپتەنگە يېقىن ئۆيگە باردىم. يانچۇقۇمدىكى قەغەز گويا مېنى پۈتۈن دەرد-ئەلەم ۋە پالاكەتلەردىن قۇتۇلدۇرىدىغان سېھىرلىك بىر تۇماردەك كۆڭلۈمنى راھەتلەندۈردى، خۇشالدەك تۇراتتىم. ئايالىم ۋە قېينانامغا بىرەر ئېغىز يامان گەپ قىلىش نىيىتىممۇ يوق ئىدى. ئايرىلىش خېتىنى ئىشىكتىنلا بېرىپ كېتىپ قالماقچى بولدۇم.

ئۆيدە ئاجايىپ بىر خىل ئەنسىزلىك ۋە غەيرىي ھەرىكەتلەرنى بايقىدىم. ئۆينىڭ ئىشىكىنى بىر ئايال قوشنام ئېچىپ بەردى. ئۇ ھودۇققان ھالدا ئايالىمنىڭ بەيكۆزدىكى ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كەتكەنلىكىنى، قېينانامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بالدۇرلا يېتىۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەھۋالنى دەرھال ھېس قىلدىم. نەجىپ بەي بىلەن بولغان ۋەقەنى ئۇلار بىلگەن، ئۆيگە كېلىپ جېدەلدىن يەنە بىرنى چىقىرىشىمغا قارشى بۇ تەدبىرنى قوللانغان.

بۇ ھال مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. قېينانامنىڭ ئۆيىگە كىردىم، ئورنىغا كىرىپ بېشىنى پۈركىۋالغانىدى. يېنىغا بېرىپ تۇرتتۇم.

— نېمە بولدى، تۇر! — دېدىم. ئۇيقۇسىنى ئاچالمايۋاتقاندەك ئاۋازلارنى چىقىرىشقا، ئىڭراشقا باشلىدى. چاچلىرىنى قاماللاپ بېشىنى كۆتۈردۇم. مەن بىلەن تەڭ كىرگەن ئايال قوشنىمىز قولۇمغا ئېسىلىۋالدى.

قېينانام بىردىنلا ”ۋاي ئاللا!“ دەپ چىرقىراپ كەتتى. باللىرىم ۋارقىرىشاتتى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىشكە جۈرئەت

قىلالماستىن تىرمىشىپ تۇراتتى، يىغلىشاتتى. قىزلىرىمغا بۇ-گۈن كېچە مېنىڭ مومىسىغا چوقۇم بىر يامانلىق قىلىدىغانلى-قىمنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇپتىكەن.

بالىلىرىمنىڭ داد-پەريادلىرى! . . . مانا بۇنى ھېسابقا ئال-ماپتىمەن. كۆندۈزى ئايالىمدىن ئايرىلىشنى قارار قىلغان چې-غىمدا بالىلىرىمنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغانىكەنمەن. توغرى-سىنى دېسەم، ئۇلارنىڭ مېنى بۇلارغا قاتتىق بىر باغلىق بىلەن باغلاپ تۇرغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنىدىم. مۇشۇ كۆنگىچە ھەرقانداق نەرسىگە چىداشلىق بېرىشىمنىڭ تۈپ سەۋەبچىسى مۇشۇلار ئەمەسمىدى؟ ئەتە ئايالىمنى نېمە ئۈچۈن قويۇپ بېرىدى-غانلىقىمنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بالىلىرىمنىڭ شۇنچە كۆپ پالاكەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى يەتمىگەندەك، ئەندى بۇ قارا داغ ئۇلارنى بۇلغاپ قوياتتى. فەرىخا بىلەن زەھرا ھازىرغىچە ھاراقكەش، ئەخلاقسىز دادىسىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ تونۇلغانىدى. ئەندى ئەخلاقسىز بىر ئانىنىڭ قىزلىرى دېگەن رەزىل نامغا قېلىشىدۇ. يانچۇقۇمدىكى ئايرىلىش خېتىنى شۇ زامان يىرتىپ تاشلىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە قېينانامنى چاقىردىم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋې-لىپ يوۋاشلىق بىلەن شۇنداق دېدىم.

— قىزىڭ ئۆيگە قايتسۇن. ئۇنىڭغا ھەرقانداق يامانلىق قىل-ماسلىقتا بالىلىرىم ھەققىدە قەسەم بېرىمەن. ئۇنىڭ بىلەن ئا-رامدا ئەزەلدىنلا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ھازىرقى مۇناسىۋىتىمىز پەقەت مەلۇم ۋاقىت زور بالا-قازا ۋە بالايىئاپەت-لەرنىڭ مەنبەسى ھالىتىدە بالىلىرىمغا ئانا بولۇپ تۇرۇپ بېرىش-

تىن ئىبارەت. بالىلىرىمغا قارا داغ چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن مەن ھېچ قانداق ئاۋاز چىقارماسلىققا ۋەدە بېرىمەن. بىراق، سىلەرمۇ شۇ ئائىلە بىلەن بولغان ھەر قانداق ئالاقىلارنى ئۈزۈشكە ۋەدە بېرىڭلار. شۇنى دەپ قوياي، مۇندىن كېيىن يەنە مېنى ئالدىساڭلار ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيدىغان، ئەمما بۇ خىل ئىپلاسلىقلار بىلەن بالىلارنى بولغاپ قويساڭلار، ھەر ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارنى بۇ دۇنيادا يوق دەپ بىلىڭلار. . .

بۇ زور ۋىجدان ۋە نومۇس مەسىلىسىنى بۇ شەكىلدە بېسىپ قويدۇم. قايتىدىن بىر ئىشقا كىرىپ ساپ ۋىجدانىم بىلەن پۇل تېپىشنىڭ ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى. ئەندى ئىشنى ساراڭلارچە قىلىشقا باشلىدىم. بەزىدە ھاراق-تاماكا ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكىنى قىلاتتىم، بۇنىڭدىن 3-4 تەڭگە تاپاتتىم. مەن ئۈچۈن ئەمدى ئىشنىڭ ياخشى-يامىنى، نومۇسلۇق-نومۇسسىزلىقى، پاكىز-پاسكىنىسى قالمىغانىدى. قانداق قىلىمەن، ئادەم پەرىشتىلەردەك يېمەي-ئىچمەي ياشىيالمايدىكەن. ئۇندىن باشقا بەزى-بەزىدە ئۆيگە بېرىپ بالىلار ئۈچۈن ئازراق پۇل بېرىش كېرەك. بەزىدە سودىنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشتەك ۋىجدانلىق ئىشلارنىمۇ قىلدىم. بىراق، بۇ ئىشلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. كېيىنكى زامانلاردا ئىچىشنى كۆپەيتىۋالدىم. بۇرۇنلاردا غەملىرىمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىچەتتىم، ھازىر مۇنداق ھوزۇرلىنىشلارمۇ يوق. يۈرىكىم قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن داغلىنىپ ھېستۇيغۇلىرىمنى يوقاتقاندەك ھېچ قانداق نەرسىنى ھېس قىلالمايتتىم. پەقەتلا بالىلىرىم فەرىخا بىلەن زەھرا. . . ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىمۇ يۈرىكىمدىن سۆكۈپ چىقىرۋېتەلىگەن بولسام ئىد-

دى. . . بەلكىم ئۇنداق قىلالماسمەن. يۈرىكىم سوقۇشتىن توختىغىچە بۇ تومۇر مۇشۇنداق توختىماستىن ئېچىشىپ تۇرار.

ئىستانبۇل. 13ـماي. . .
فەرىخا ئۆلۈپ كەتتى.

خېلى زامانلاردىن بېرى بىچارە بالامنىڭ ساغىرىپ، ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالغانىدىم. ئاخىرى بۈنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن رەسمىي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

بالامنى تەكشۈرگەن دوختۇردىن ئاغرىق ئەھۋالىنى سورىدۇم. چىرايىمغا قاراشتىن يىرگەنگەندەك بېشىنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋالدى ۋە غەزەپ بىلەن:

—نېمە بولاتتى، ئۆپكە كېسىلى، چىغوتكا. . . شۇنچىلىك يوقسۇزلۇق ۋە ناچار شارائىتتا ئۆسكەن بالا نېمە بولماقچى؟

—ئۈمىد. . هېچ قانداق ئۈمىد يوقمۇ؟
—ئىنتايىن زەئىپ. . .
—يەنى ئۈمىد يوق. . . ؟
—شۇنداقراق. . .

بېشىمنى ساڭگىلىتىپ يىراقلاشتىم. دوختۇرلار بەك كۆڭۈل ئايايدىغان ئىنسانلاردۇر، ئۆلىدىغان ئاغرىقلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشقان. سەكرات ئۈستىدىمۇ ئۇلار ئۈچۈن يالغان تەسەللىيلەرنى بېرىشىدۇ. هېچ بولمىغاندا بۇ شۇم خەۋەرنى تېخىمۇ مۇلايىملىق بىلەن باشقا گەپلەر بىلەن ئۇقتۇرۇشىدۇ. ئۇلار شۇنى بەك ياخشى بىلىدۇكى، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئاغرىقلارنىڭ ئىگىلىرىمۇ

بىرخىل كېسەللەردۇر.

بۇ دوختۇرنىڭ مېنى قامچىلىغانلىقى ئېنىق. ئاغرىقنىڭ ئەتراپىدا يىغلاپ يۈرگەن پەرىشتە چىراي ئاياللار يەنى ئاق چاچ-لىق مومىسى بىلەن سۇلغۇن يۈزلۈك ياش ئاپىسى بالىلارغا قىلغان زۇلۇملىرىنى دوختۇرغا ئاللىقاچان يەتكۈزگەنىدى.

دوختۇر مېنى بىچارە بالامنىڭ قاتىلى دەپ ھېسابلايتتى.

ھەقىقەتنى قانداقمۇ چۈشەندۈرەلەيسەن؟ بالامنى راستىنلا مەن ئۆلتۈرۈپ قويغاندەك، بوينۇمنى پۈكۈپ، سورىغان سوئال-لىرىمدىن ئىزا تارتقانىدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ قىزىم ھەققىدە ھېچ كىمدىن ھېچ نەرسە سورىيالمايدىغان بولدۇم. شۇنداق، كىمدىن ”فەرىخا قانداقراق؟“ دېسەم، خۇددى دوختۇرغا ئوخ-شاش چىرايىمغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. بۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى: ”ھەي قاتىل، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىسەن!“ دېگەندەك ئاچچىق سۆزلەر ئىدى. ھەتتا قىزىم-دا سەللا ياخشىلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسىمۇ مەندىن يوشۇرۇ-شاتتى. ئەكسىچە، بەزى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىكىمنى زەرداپ قىلىشاتتى. مۇڭداشقىدەك بىرەر ئادىمىم يوق ئىدى. بۇ ئۆلۈم-نىڭ بارلىق گۇناھى ھەقىقەتەن ماڭا ئائىتتەك، ئۆيىنىڭ ئىچىدە قورقۇش ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتىم. بىرەرسىگە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. ھەممىدىن مېنى تىرىك ئۆلتۈرگەن ئىش، قىزىمنىڭمۇ شۇلارغا ئوخشاش چۈشەنچىدە بولۇشى ئىدى. بىر مىنۇت بولسىمۇ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرسام، يۈزىگە قارىسام ئازابلىنىپ كېتەتتى. مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالاتتى. بەزىدە ئورۇقلاپ كەتكەن بىلەك-

لىرىگە تايىنىپ تىترىگەن پېتى ئورنىدىن قىمىرلايتتى. ماڭا
ئارقىسىنى قىلىۋالاتتى. خۇددى ئاتا-ئانىسىغا خاپا بولۇپ يۈزىنى
تام تەرەپكە قىلىۋالىدىغان كىچىك بالىلاردەك. . . زەئىپ، خۇ-
نۇك چىرايىدا چوڭقىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن
كۆزلىرىدىكى ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەتكە چىداپ تۇرۇش نېمىدىگەن
تەس-ھە! . . .

ئەھۋالىنى سوراشقا، تاتلىققىنە بىر ئېغىز گەپ قىلىشقا
پېتىنالمايتتىم. قايغۇسى تاماشا قىلىنغان بىچارە قىزدەك ئىس-
يان كۆتۈرۈشى تۇرغان گەپ ئىدى.

قېينانام بىلەن ئايالىمنىڭ ماڭا قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ
ئەڭ چوڭى بالىلىرىم بىلەن مېنى يامان قىلىپ قويۇشلىرى
ئىدى. ئۇلار بىلەن ئاخىرەتتىمۇ يۈزمۇيۈز كۆرۈشەلمەيتتىم.
قىزىم ئەمدى بىزگە مېھمان بولۇپ قالغانىدى. ھېچ بولمىسا
بىر-ئىككى ھەپتىچىلىك قالغان ھاياتىدا ئۇنى قېنىپ-قېنىپ
كۆرۈۋېلىشنى خالىماسمىدىم؟ ئۇنى بىر كۇنمۇ تىزىمغا ئېلىپ
سۆيەلمىگەنىدىم. جان ئۈزۈۋاتقان چېغىدىمۇ ئاخىرقى قېتىم
سىلاپ قويۇشقا، سۆيۈپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. ئىلاج-
سىز ئەلەم بىلەن ئايرىلاتتىم. بالام دادىسى تەرىپىدىن ئېزىلىپ
ئۆلتۈرۈلگەن بىر بىچارىنىڭ ئېچىنىشى بىلەن دۇنيادىن كەتتى.
نەچچە قېتىم ئۇنىڭ يېنىدا يىغلاپ تۇرۇپ تارتقان بارلىق دەرد-
ئەلەملىرىمنى دەپ بېرىشنى خالايتتىم. لېكىن ئۇ ماڭا ئىشەن-
مەيتتى. راستىنى دېسەم چۈشەنمەيتتى. مۇنداق قىلىش ئۇنى
ئاخىرقى ئۆمرىدە تېخىمۇ غەزەپلەندۇرۇپ ئازابلاشتىن باشقا ھېچ
نەرسىگە يارىمايتتى. شۇنداق، بالام بىلەن ئازارلىنىشىپ

ئايرىلالىتتۇق.

ئاخىرى ئايرىلىش كۈنى كەلدى. چىرايلىق ماي كۈنلىرى-نىڭ بىرى ئىدى. ھاۋا ئوچۇق، كوچىلاردىن بالىلارنىڭ قاقاق-لاشلىرى، ناخشىلىرى، قوزىلارنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازلىرى ئاڭ-لىنىپ تۇراتتى. دېڭىز تۇرۇپ-تۇرۇپ ئىللىق بىر شامالدا دول-قۇن ياسايتتى. سۇلارنىڭ ئۈستىدە كۈن نۇرلىرى يالتىرايتتى. دېڭىز ساھىلىدا، يۇرتىنىڭ بۇزۇلغان يوللىرىدا توختىماي تاماكا چېكىپ ئايلىنىپ يۈرەتتىم. بالام يۇقىرىدا ئوچۇق تۇرغان پەن-جىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇيەدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈر-گەنىدى. پەقەتلا پەنجىرىنىڭ ئالدىدا بىر شاختا بىر قوش توختى-ماستىن سايرايتتى. زەھرانى قوشنىمىزنىڭ بالىسى بىلەن باغ-چىغا چىقىرىۋەتكەنىدى. ھېچ نەرسىگە ئەقلى يەتمەيدىغان كىچىك قىزىم سۇ چېچىپ ئوينايتتى. قوملاردىن باغچە ياساپ ئۈستىگە گۈللەرنى سانجىپ قوياتتى.

بىچارە بالام، مۇشۇ شارائىتتا سېنىمۇ مۇشۇنداق ئاقمۇەت كۈتۈۋاتاتتى. سېنىمۇ قوغداپ قالالمايتتىم. ئۆزۈڭ ئۆمۈر كۆ-رۈپ قالسام، سېنىڭمۇ ئاچاڭدەك قۇربان بولۇپ كېتىشىڭنى كۆرەتتىم. بەلكىم ھايات قالغان بولاتتىڭ، لېكىن پەزىلەتسىز، يامان بىر ئىنسان بولاتتىڭ. مۇشۇ مىنۇتتا زەھرانى قۇچىقىمغا ئېلىش مېنىڭ ئۈچۈن چەكسىز بىر تەسەللىي بولاتتى. بىراق ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، جۈرئەت قىلالمايتتىم.

ئالدىمىزدىكى يۇرتتىن ھەر خىل بايراقلار بىلەن بېزەلگەن ساياھەت پاراخوتى ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىچىدە ساياھەتكە كېتى-ۋاتقان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىدى. مۇزىكا چېلىنىپ،

ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا يوقىرىدا پەرياد كۆتۈ-رۈلدى، ئەندى ئۆزۈمنى زادىلا تۇتالمىدىم. بالامنى ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلىۋېلىش ئۈچۈن تاتمىغا يۈگۈردۈم. ئايالىم بىلەن قېيناتام غالجىرلىشىپ كەتكەندەك ماڭا قاراپ ئېتىلغىنىچە ئاۋا-زىنىڭ بارىچە: ”قاتىل! . . .“ دەپ ۋارقىراشتى. تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ، چىشلىرى بىلەن چىشلەپ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە تىرىشاتتى. ئەتراپتىن باشقىلارمۇ يېتىپ كېلىشتى، تىل-ھاقا-رەت ۋە قاغىشلار بىلەن پەسكە قوغلاندىم.

بالامنى تاختىراۋاندىمۇ بىر قېتىممۇ سۆيەلمىدىم. ھەتتا ئەتىسى ئەتىگەندە تاۋۇتىنىمۇ يىراقتىن كۆرۈشكە مەجبۇر بول-دۇم. قوشنىلار تونىمىغانلارغا مېنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتى-شەتتى. ھېچكىم ماڭا ئېچىنىپ بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى.

بالامنىڭ قەبرىسىگە جامائەت تارقالغاندىن كېيىن بارال-دىم. ئۇ يەردىمۇ ماڭا قاراپ تۇرغانلار باردەك يىغلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. قىزىمغا: ”قۇتۇلدۇڭ جېنىم بالام، يەنە ياشىغان بولساڭ چوقۇم بەختسىز بولۇپ قالاتتىڭ. قۇتۇلدۇڭ، خاتىر-جەم ئۇخلا!“ دېدىم.

13-سېنتەبىر . . .

بۈگۈن كەچكە يېقىن پاراخوتنىڭ پالوباسىدا رىشاتكىغا يۆ-لىنىپ تۇراتتىم. سەل نېرىدىكى قاتلانما ئورۇندۇقلاردا ئولتۇر-غان يولۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ماڭا قاراۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.

ئۈستى-بېشىم ئىنتايىن ۋەيرانە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كو-

چىلاردا ئەر-ئايال بىرمۇنچە ئادەملەر ماڭا قايتا-قايتا قارايتتى. بەزىلەر كۈلۈپ قوياتتى، بەزىلەر يىرگىنىپ چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرەتتى. بەزىدە دۇكانلارنىڭ ئەينەكلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆزۈمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتەتتىم. ياماق ۋە پاتقاق كىيىملەر ئۈستىدىن چىقىپ تۇرغان بۇ باش راستتىنلا ئىبرەت بىلەن قارىلىدىغان نەرسە ئىدى.

ئۇزۇن، چىگىش، پاسكىنا بىر چاچ ۋە ساقال دۆۋىسى ئىچىدە كۆرۈنگەن كۆكۈش تومۇرلار، قان ئۇيۇپ قالغاندەك ئىششىقلار بىلەن تولغان هاراقكەشنىڭ چىرايى...

قاتلانما ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ قاراشلىرىدىن باشقىچە ئەھۋالنى سېزىپ، مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراشقا باشلىدىم. كەچكى سالقىن شامالنىڭ كۆچىيىشى بىلەن شاماللىق پەلتۇسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، يۈزىنىڭ بىر قىسمى كۆرۈنمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى تونۇدۇم. كونا ساۋاقداشلىرىمدىن جەۋدەت ئىدى. بىر-بىرىمىزنى قېرىنداشلاردەك ياخشى كۆرۈشەتتۇق. مەن سىنىپىنىڭ بىرىنچىسى ئىدىم، ئۇ سەل هورۇن ئىدى. كۆپ هاللاردا دەرسلەرنى تەكرارلاش ۋە ئىمتىهانغا تەييارلىق كۆرۈشتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتىم.

مەكتەپنى تۈگىتىپ چىققاندىن كېيىن بىر-بىرىمىزنى يوقىتىپ قويغانىدۇق. ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىگە دائىر بىرەر خەۋەر ئالالمىغانىدىم. كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا تۇرمۇشتا ئۇتۇق قازانغانلىقى ئېنىق. ئاللا دۆلىتىنى يەنىمۇ زىيادە قىلسۇن!

كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇنىڭمۇ مېنى تونۇغانلىقىنى بىلىپلا تەتۇر قارىۋالدىم.

كونا تونۇشلىرىمغا نىسبەتەن دائىم شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ مەندەك بىر ئادەم بىلەن سۆزلىشىشنى خالىماسلىقى چوقۇم دەپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، مەن ئۇلاردىن بالدۇرراق يىراققا قاچاتتىم. نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، تونۇمايدىغان ئادەملەردىن ياردەم سوراش ماڭا تەس ئەمەس، بىراق كونا تونۇشلىرىمدىن ئۆلگىدەك ئىزا تارتاتتىم.

بېشىمنى بۇراپ، رىشاتكىغا تايىنىپ دېڭىزغا قاراشقا باشلىدىم. جەۋدەت ئورنىدىن تۇرۇپ قېشىمغا كەلدى. سەل تۇرۇۋېلىپ:

—سەنمىدىڭ مۇرشىد؟—دېدى.

گۇناھ ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك قورۇنۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.

—قانداق ئەھۋالىڭ؟ نەدە، نېمىش قىلىۋاتىسەن؟

ئىنتايىن سىقىلىپ كەتكىنىمگە قارىماستىن ئىختىيارسىز كۈلگۈم كېلىپ كەتتى. بارمىقىم بىلەن ئۇ قاتتىكى دولما باغچىسىنىڭ چاقناپ تۇرغان پەنەرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

—شۇ سارايدا نازىرمەن،—دېدىم. جەۋدەتمۇ كۈلۈپ كەتتى. كۈتۈلمىگەن بىر خىل سەمىمىيەت ۋە ھۆرمەت بىلەن قوللىرىمنى سىقتى:

—ۋاي مۇرشىد، ۋاي. . .

كۆپ يىللاردىن بېرى مۇنداق شېرىن مۇھەببەتلىك ئاۋازنى ئاڭلىمىغانىدىم. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىغان بولسام ۋارقىراپ-ۋارقىراپ يىغلىغان بولاتتىم. ئادەملەر ئەتراپىمىزغا توپلىشىپ مېنىڭ بۇ يىغلاشلىرىمنى، بىر ھاراقكەشنىڭ مەستلىكتە قىلغان

تېتىقسىزلىقىنى زاڭلىق قىلىپ كۆلۈشەتتى.

بۇ مەرھەمەتنى ھېس قىلغاندەك كۆرۈپ مەنمۇ:

— سېنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئىنشائاللا، ھاياتىڭدىن مەمنۇندەك تۇرىسەن! — دېدىم.

— رەھمەت ساڭا، خۇداغا شۈكرى...

— نېمىش قىلىۋاتىسەن؟

— ھەربىي رايونلارنىڭ بىرىدە باشلىقمەن، بۇ قېتىمقى سايلامدا مېنى قۇرۇلتاي ۋەكىلى قىلىپ سايلاشتى.

— ئاللا سېنى تېخىمۇ مەرتىۋىلىك قىلغاي!...

ساۋاقدىشىم قايسى بىر پالاكەتنىڭ مېنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى سورىمايتتى. ھايات مانا شۇنداق، ئادەملەر ئايرىم-ئايرىم يوللارغا تارقىلىپ كېتىشىدۇ. بەزىلەرنىڭ تاللىغان يولى ئادەمنى جەۋدەتتەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بەزىلەرنى بولسا مەن ماڭغان ھاڭغا چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ بىرخىل تەلەي ۋە تاسادىپىيلىق مەسىلىسى ئىدى. نېمە ئۈچۈنكى، قانداقلىقىنى سوراش بىھۇدە ئىدى.

— ساڭا بىرەر ياردەمدە بولالايمەنمۇ مۇرشىد؟ — دېدى جەۋدەت.

— كېچىكتىڭ، بۇ ئۈچرىشىش ئىككى يىل بۇرۇن بولغان بولسىدى، بەلكى مەندەك كونا ساۋاقدىشىڭغا بىر ياخشىلىق قىلىپ قوياتتىڭ. لېكىن ھازىر... ئۆلۈكلەرگە ئوخشاپ قالدىم. ھېچ نەرسىگە ئېھتىياجىم يوق، ئەندى ئۇ دۇنياغا دومۇلاپ كېتىۋاتىمىز....

جەۋدەتتىن ئازراق پۇل سوراپ ئېلىشىم مۇمكىن، ئەمما

كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئۇنىڭدىن ئالدىغان ئىككى نەرسىنى ھېلىلا ئېلىپ بولغانىدىم.

”ۋاي مۇرشىد، ۋاي!“ دەپ ئېچىنىش ماڭا نىسبەتەن ئىچ ئاغرىتىشلارنىڭ ئەڭ سەمىمىيسى ئىدى.

لېكىن ئۇ قاتتىق تورۇۋالدى:

— مۇرشىد، ساڭا چوقۇم بىر ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.

مەن جاۋاب بەرمەستىن كۆلۈمسىرەپ تۇراتتىم. بىردىنلا ئەق-لىمگە قىزىم زەھرا كەلدى.

— ماڭا راستتىنلا بىر ياخشىلىق قىلىشنى خالامسەن؟— دېدىم.

— ئەلۋەتتە. . . ئىشەنمەمسەن؟

— ئىككى قىزىم بار ئىدى، بىرى ئۆلۈپ كەتتى. . . يەنە بىرىمۇ يا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ياكى ئەخلاقسىز بولۇپ چىقىدۇ. . . سېنىڭ مەرتىۋىلىك تونۇشلىرىڭ بار. شۇ بالامنى ھەقسىز ياتاقلىق مەكتەپلەردىن بىرىگە كىرگۈزۈپ قويالامسەن؟ شۇنداق بولسا، ھەم شۇ بىچارە سەبىي قىزنى قۇتۇلدۇرغان بولىسەن، ھەمدە ماڭا قىلىدىغان بىر ياخشىلىقنى بىجا كەل-تۈرگەن بولىسەن. . .

ئەمدى ئۆزۈمنى زادىلا تۇتالمىدىم. يۈزۈمنى قاراڭغۇ تەرەپ-كە ئۆرۈپ يىغلاۋاتاتتىم. جەۋدەت ماڭا قاتتىق ۋەدىلەرنى بەردى. بىراق ئۇ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىدىن ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولمىسا كېرەك. قىزىمنى رەسمىي مەكتەپكە كىرگۈزەل-مىدى. پەقەت بەزى دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋەخپە مەكتە-پىگە كىرگۈزۈپ قويدى. بۇنىڭغىمۇ مىڭ شۈكرى. . . بالامنى

قانداقلا بولمىسۇن ئۇ مەخلۇقلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. ئانا بىلەن قىز ئىتلاردەك پۇتلىرىمغا ئېسىلىپ يىغلىشاتتى.

—فەرىخانى كۆمۈپ قويدۇق، زەھرانى ئېلىپ كەتمە! . . . —دەپ يالۋۇرۇشاتتى. . .

جېنىم بالام بۇ كېچە مەكتەپتە. . . ئۇنىڭ ھازىر پاكىز ئورۇندا سەبىي بالىلار، شەپقەتلىك مۇئەللىملەر ئارىسىدا ياتقانلىقىنى ئويلىغىنىمدە، بېشىمغا تاج كىيىپ بىر پادىشاھنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقاندەك خۇشاللىناتتىم ۋە مەغرۇرلىناتتىم، بايرام قىلاتتىم! زەھرا قۇتۇلدى. . .

خاتىرە دەپتەر شۇ يەردە تاماملانغان. پەقەت بىرنەچچە ۋاراقتىن كېيىن ئوقۇغىلى بولمىغىدەك قالايمىقان ۋە قاغا پۇتى خەتلەر بىلەن شۇ قۇرلار يېزىلغانىدى:

”زەھرانى كۆردۈم. چوڭ بولۇپ قاپتۇ، چوپچوڭلا بىر قىز بوپتۇ. تۆت يىلدىن بېرى كۆرمىگەن بولسامۇ، شۇنچە كۆپ بالىلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى دەرھال تونۇۋالدىم. زەھرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە بىر يەرگە كېتىپ باراتتى. ئاللادىن ئاخىرقى قېتىم شۇ نەرسىنى تىلەيتتىم: چوپچوڭ خانىم بولۇپ قالغان شۇ قىزىمنى ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بىرقۇچاقلىۋالسام. . .

بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس، بالام مەندىن ئىزا تارتىدۇ. . . قانداق قىلاي، مەيلى، ئۇلا بەختلىك بولسا، شۇ كۇپايە!“

زەھرا خاتىرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە تاڭ ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. تىترەپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى. شامنى كۆتۈرۈپ جە-

سەت قويۇلغان ئۆيگە كىردى. قوشنا موماي بېشىدا ياغلىق، قولىدا قۇرئان تۇتقان هالدا بىر بۇلۇڭدا ئوخلاپ قالغانىدى.

مۇرشىد ئەپەندىنى تار بىر كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە كونا بىر هەربىيچە ئەديالنى يېپىپ قويغانىدى. ئەديال قىسقا بولغىنى ئۈچۈن ئۆلۈكنىڭ يىرتىق پايپاق كىيگەن پۇتى كۆرۈ- نۈپ قالغانىدى. زەهرا ئۆزىنى تۇتالمىدى:

— دادا. . . مېنىڭ بىچارە دادام، جېنىم دادام، — دەپ پەر- ياد قىلدى.

يۈزىنى يەرگە تەگكۈزدى. كۆزلىرىدىن سەلدەك ياش ئېقىد- تىپ ئىبادەت ۋە ئىستىقامەت قىلغاندەك دادىسىنىڭ پۇتلىرىنى سۆيدى:

— جېنىم دادا. . . بىچارە دادا. . . مېنى كەچۈرگىن! . . .

* * *

زەهرا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاناتولىيەدىكى مەكتىپىگە قايتتى. بۇ مۇئەللىمنىڭ ئەندى كەمچىلىكى قالمىغانىدى. هازىر ئۇ ئېچىنىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

تامام.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjc5ODcuemlw",
"filename_decoded": "40327987.zip",
"filesize": 9607483,
"md5": "1fdc861393bad510bea39ce72f846203",
"header_md5": "8b415040c28306db5675ce966416650b",
"sha1": "db6afa40b4a9111c90ea2f76ac1f00f2b29bb3fd",
"sha256": "32984d1ee3693163cc38d04ba6a8ef18f5cb816dc1fb38f422f61a08cb44e325",
"crc32": 3490508626,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 9989769,
"pdg_dir_name": "\u2591\u251c\u2557\u250c \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40327987",
"pdg_main_pages_found": 181,
"pdg_main_pages_max": 181,
"total_pages": 188,
"total_pixels": 701404128,
"pdf_generation_missing_pages": false
}